شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال، شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا نائىل ژۇرنال

2011

4

BULAK



# بۇلاق

ISSN 1005-0876

# 源泉 (布拉克) · BULAK

www.uyghurkitap.com




«زەخىرەئى خارەزم شاھى» ناملىق كىتابتىن ئېلىنغان فوتو سۈرەت

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنى قوغداش ئىلمىي ژۇرنىلى

# بۇلاق



33 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 139 - سان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# زامان ئۆزگەرسىمۇ ھەق يولدىن تايما

دۇنيا دەۋردىن دەۋرگە، ئىنسانلارمۇ بۇ دۇنيادا بىر ھالەتتىن
يەنە بىر ھالەتكە ئۆتمەكتە ❁ سەن ھەرگۈنكى ھەرىكىتىڭدە ھەق يولىنى
تۇت . ھەرقايسى جەمئىيەتلەر بىلەن پىكىر ئايرىمچىلىقىڭنى ھېچ بىقا
ئېلىپ بېرىلگەن ئولتۇرۇشى بىل ❁ ئۇلار بىلەن دوستلۇق
ئورنىتىشقا تىرىشقىن ❁ چۈنكى زاماننىڭ ئېقىمى ۋە
ئىنسانلارنىڭ زامانغا نىسبەتەن كۆز قارىشى ھەر دائىم ئارزۇ
قىلغىنىڭدەك بولمايدۇ ❁ زامان ھادىسىلىرىنىڭ تېگىدە
بېسىلىپ قالما. ھەقىقەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ھادىسىلەرنى بېسىش
ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن باش تارتما. توغرا يولدا قەيسەر
بول ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇر ❁ — ئەللامە زەمەخشەرى

خەتتات: نەۋبەت

# بۇلاق

2011 ـ يىللىق 4 ـ سان

باش مۇھەررىرى: ئەلى توختى    مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت


## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


مەكارىمۇل ـ ئەخلاق ........................................................ خاندەمىر (5)

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مەتتۇرسۇن سىدىق

دىۋانى ھەيرەتىي ........................................................ ھەيرەتىي (21)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىمىن تۇرسۇن


### شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


دىلكۇشا ھېكايەتلەر ........................................................ (38)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق


### بىزنىڭ ۋەسىقىلىرىمىز


چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەردىن پارچە ........................................ (43)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئادىلە ئابلىمىت


### مەشھۇر شەخسلەر


ئابدۇللا نىدايى كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ........................................ ئۆمەرجان نۇرى (47)

## ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر


بابۇرنىڭ «مىزانۇل ـ ئەۋزان»دىكى رۇبائىي ۋەزىنلىرى ھەققىدىكى قاراشلىرى ............... ئەرافات ھەسەن مۇسابايوف (52)
سەمەرقەندلىك شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشىنىڭ ئەلىشىر نەۋائىيغا يازغان نەزىرەلىرى ......... ئايشەگۈل سەرتقايا (66)
ئۇيغۇرچىغا ئاغدۇرغۇچى: ئۆمەرجان نۇرى
بىر رۇبائىي توغرىسىدا ئىككى ئېغىز سۆز ............................................ خۇدابەردى ئابدۇللا (74)
قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەللىك ئادىتى توغرىسىدا ....................... تۇرنىسا روزى (76)


## مەشھۇر ئەسەرلەر


«زەخىرەئى خارەزم شاھى» ناملىق ئەسەر ھەققىدە .................................. ئابدۇراخمان زاكىر (85)


## فولكلور تەتقىقاتى


ئۇيغۇرلاردا ئۆلۈم ئۆزىتىشقا دائىر ئېتنىك ئۆرپ ـ ئادەتلەر ................................ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى (88)


## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


دانىشمەن قىز (چۆچەك) ............................................ توپلاپ رەتلىگۈچى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان (109)


※

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: ئەخمەتشا قاراقاشى (رەسسام: مۇرادىل ئابىد)

※ ※ ※


مەسئۇل مۇھەررىرى: دىلئارام باھاۋىدىن

مۇھەررىرى: مۇتەللىپ ئىسمايىل

تەكلىپلىك كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

خەتتاتلار: قۇربانجان شەيدائىي، مەمەت نەۋبەت



تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827971 ـ 0991
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@yahoo . cn
تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 ـ 0991

خاندەمىر

# مەكارىمۇل - ئەخلاق *

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مەتتۇرسۇن سىدىق

## يەتتىنچى مەقسەت: مېھرىبانلىق ۋە مەرھەمەت بايانىدا

يورۇق كۆڭۈللۈك ئەقىللەرنىڭ دىللىرى سەھىپىسىگە تەقدىر قەلىمى بىلەن شۇنداق يېزىلغانكى، يېگانە تەڭرىنىڭ قېشىدا ئەڭ ئۇلۇغ سۈپەت — مېھرىبانلىق ۋە مەرھەمەتتۇر. ھەزرىتى سۇلتاننىڭ بۇ يېقىن دوستى دائىم شەپقەت ۋە مەرھەمەت ئادەتلىرىنى ئۆزىگە شوئار قىلغانىدى. ئۇنىڭ مېھرىبانلىق ۋە ئىلتىپات قانىتى ھەمىشە ئالەم ئەھلىلىرىنىڭ ئۈستىلىرىگە يېيىلىپ، ئاجىزلار ۋە يىقىلغانلارنىڭ كۆيگەن دىللىرى ئۇنىڭ شەپقەت شەربىتى بىلەن ئارام تاپاتتى. سىتەم كۆرگەنلەرنىڭ يۈرىكىدىكى جاراھەت يارىلىرى مەرھەمەت مەلھەملىرى بىلەن ساقىياتتى.

بۇ تەرەپلەرنىڭ ھەقىقىتى ۋە مۇددىئانىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن مۇبارەك بايان قەلىمى بىرقانچە ھېكايىنى تەھرىر قىلىشقا قەدەم قويىدۇ ۋە بۇ ۋاراقلارنىڭ سەھىپىلىرىنى بۈيۈكلەرنىڭ مۇراجىئەت ئورنى ۋە ئالەمنىڭ ئۇلۇغى بولغان زاتنىڭ مەدھىيەسى نىشانلىرى بىلەن زىننەتلەيدۇ:

### ھېكايە

مىرزا سۇلتان [ئەبۇ] سەئىد زامانىدا سۇلتان ساھىبقىراننىڭ ئەسكەرلىرى ۋاقىت ۋە زامانىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن بەزىدە خوراسان ۋىلايىتىنىڭ ئەتراپلىرىغا چۈشەتتى. بىر چاغلاردا ئۇلاردىن ئىككى نەپىرى ئەمىر ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ قولىغا چۈشتى. ئەمىر بولسا ئويلاپ ئولتۇرماستىنلا ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈپ، باشلىرىنى سەمەرقەند ۋالىيسى سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئالدىغا ئېلىپ بېرىشقا ھۆكۈم قىلدى. ھەزرەت سۇلتاننىڭ يېقىن دوستى، دۆلەتلىك ئالىي ھەزرەت بۇ چاغدا ئەمىر ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ ئوردىسىدا ئىدى. ئۇ ئەمىرنىڭ بۇ ھۆكمىنى ئاڭلاپ، شۇ ھامان ئەمىرنىڭ ئالدىغا كىرىپ، بۇ ئىككى ئەسىرگە رەھىم قىلىپ، ئۇلارنى مىرزا ئەھمەدنىڭ ئالدىغا تىرىك ئەۋەتىشنى، سۇلتان ئەھۋالنى ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن بىۋاسىتە ئاڭلاپ، تېگىشلىك ھۆكۈم چىقارسا مۇۋاپىق

* بېشى ئۆتكەن ساندا.

ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ مەسلىھەت بەردى. بۇ مەسلىھەت ئەمىرگە ماقۇل كېلىپ ئالىي ھەزرەتنى ئالقىشلىدى ۋە تۇتقۇنلارنى ئۆز پادىشاھى ئالدىغا ئەۋەتتى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا سۇلتان ساھىبقىراننىڭ ئەھۋالىنى ئۇلاردىن بىلگەندىن كېيىن، ھەر ئىككىسىنى زىندانغا تاشلىدى. بىرقانچە ۋاقىتتىن كېيىن، ئۇ ئىككىسىدىن بىرى قۇتۇلۇپ، توغرا تەدبىرلىك ئەمىرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە دائىمىي خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئەمىرگە ئۇزاق ئۆمۈر تىلەپ ئۆتتى.

## ھېكايە

بىر زاماندا سۇلتان سەئىد ئەمىرلىرىدىن بىر توپى جەھجە ئەتراپىدا سۇلتان ساھىبقىران ئەسكەرلىرىدىن بىر بۆلىكىنى ئەسىر قىلىپ، ئۇرۇشتىن كېيىن ئۆلتۈرۈش ۋە باشلىرىنى ئۆز پادىشاھى ئالدىغا ئەۋەتىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۆزئارا تەقسىم قىلىۋېلىشتى.

ھەزرىتى سۇلتاننىڭ دوستى ۋە دۆلەت ئىگىسى ئالىي ھەزرەت نەۋائىي ئەمىر سۇلتان ھەسەن دەرنەگىي ئوغلى مىرزابېك بىلەن ئوردىدا بىللە ئىدى. شۇ چاغدا ئەسىرلەرنىڭ ئىككى نەپىرىنى ئەمىر سۇلتان ھەسەنگە يەتكۈزۈشتى. خەۋەرچى ئۇ ئىككى كىشىنى كەلتۈرۈپ، ھازىر ھەر ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈپ باشلىرىنى ئەۋەتىشنى ئېيتتى. ئالىي پەزىلەتلىك ئەمىر بۇنى ئاڭلاپ ئەھۋالى ئۆزگەردى ۋە شۇئان مىرزابەگكە: «مەن ئۇرۇش مەيدانىنىڭ پالانى يېرىدە بىر ئۆلۈكنى كۆردۈم، جاللاتقا بىر - ئىككى تەڭگە بېرىپ، ئۇنىڭ بېشىنى كەلتۈرۈپ ئەسىرلەردىن بىرىنى ئازاد قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. مىرزابەگ شۇ بويىچە ئىش كۆردى.

ئالىي ھەزرەت بۇ ئادەمنى خالاس قىلىپ، ئەمدى ئىككىنچىسىنى قايسى يول بىلەن قۇتقۇزۇش پىكرىدە ئىدى. شۇ چاغدا تۇيۇقسىز خەۋەرچى كېلىپ، ئەسىردىن بىرىنى ئۆلتۈرۈشنى، بىر باش ئەۋەتىلسە كۇپايە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇرۇش مەيدانىدىن كەلتۈرۈلگەن ئۆلۈكنىڭ بېشىنى تاپشۇرۇشتى. ئىككى ئەسىرنى بولسا ئازاد قىلىپ قايتۇرۇۋېتىشتى.

## ھېكايە

بىر كۈنى سۇلتان ساھىبقىراننىڭ مۇبارەك خاتىرىسىگە خارەزم ۋىلايىتىنى ئېخمۇ ئاۋات قىلىش ۋە ئۇ يەردە يېڭى بىنالارنى قۇرۇش خىيالى چۈشۈپ، خۇراساندىن ئۈچ مىڭ ئائىلىنى خارەزمگە كۆچۈرۈش ھەققىدە مەجبۇرىي بۇيرۇق چۈشۈرگەنىدى. ھەكىم ۋە نۇسرەت ئىگىسى نەۋائىي بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ خەلقنىڭ ھالىغا كۆيۈنۈپ، ئەرز ئورنىدا سۇلتانغا يەتكۈزدىكى: «ئەگەردە بۇ بۇيرۇق ۋە ھۆكۈمدىن ئالىي ھەزرەتنىڭ غەرىزى ئۇ ئىسلام مەملىكىتىنى ئاۋات قىلىش ۋە خەلقنىڭ پەرىشان ئەھۋالىنى ياخشىلاپ راھەتلەندۈرۈش بولسىمۇ، بىراق مېھرى چۈشكەن يۇرت - ۋەتەندىن ئايرىلىش سەۋەبلىك مۇسۇلمانلارغا زور قىيىنچىلىق ۋە ئېغىر جۇدالىق بولىدۇ. بۇ جامائەتنىڭ ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىشى بىلەن باراۋەردۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ۋىلايەتنىڭ ئاسانلىقچە ئاباتلىققا يېتىشىمۇ ئېنىقسىزدۇر. خۇسرەۋانە ئىلتىپاتلىرىدىن ئۈمىد شۇكى، بۇ ئىشنىڭ بەھرىدىن ئۆتكەن بولسىلا، چۈنكى ھەرقاچان تەقدىر ئىرادىسى خارەزمنىڭ ئاۋات بولۇشىغا باغلانغىنىدا، ھېچبىر كىشىنى

ۋەتىنىدىن جۇدا بولۇشقا مەجبۇر قىلمايلا ئابادىغا كېلىشۈرىدۇ.» ساھىبقىران بۇ سۆزنى بىرىنچى نۆۋەتتە رىزالىق قولىقى بىلەن ئاڭلىمىدى. شەپقەت نىشانلىق نەۋائىي بۇنى ئون مەرتىلەپ تەكىت قىلسىمۇ، بىرەر نەتىجە چىقمىدى. لېكىن، يەنە بىر مەرتە جۈرئەت قىلىپ شۇنداق ئەرز قىلدى: «ئۆزىڭىزنىڭ ماڭا بەرگەن پەرمانىڭىزغا بىنائەن ھەربىر مۇھىم ئىش ئورۇنسىز بولسا، توققۇز مەرتە پىكىر قىلىشقا ھەقلىق ئىدىم. خەلقنى خارەزمگە كۆچۈرۈش مەسىلىسى توغرىسىدا توققۇز مەرتە ئەرز قىلدىم. ئەرز بىرەر جايغا يەتمىدى. شۇڭا، چەكتىن ئېشىپ، بۇ ئەھۋالنى يوقىتىش مەقسىتىدە ئونىنچى مەرتە سىزگە باش ئاغرىقى سالدىم ۋە ئۇنىڭغىمۇ ئۆز مۇددىئايىمغا مۇۋاپىق جاۋاب تاپالمىدىم. ئەمدىلىكتە، يەنە بىر نۆۋەت ئۆز ئىلتىماسىمنى تەكرارلاش بىلەن قوبۇل قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.»

ئادالەت شىئار شەھرىيار ئۆز جاۋابىغا: «مەن بىلىمەنكى، سىز دۆلەتنىڭ پايدىسى ئۈچۈن بۇ مەسىلە ئۈستىدە بىر كۈندىن ئارتۇق سەۋر قىلىپ ئۆزىڭىزنى زورىغا بېسىۋالدىڭىز. بىراق، بۇ ئىشنى مەن سەلتەنەت تېڭىنىڭ يورۇقى باشلىنىشتىلا كۆڭۈلدىن ئۆتكۈزگەنلىكىم سەۋەبلىك، ئۇ مەملىكەتنىڭ ئابادانلىقى ھەققىدىكى پىكرىمدىن پۈتۈنلەي كېچەلمەيمەن ۋە ئۆزۈمنى بۇ مەسىلىلەردىن پۈتۈنلەي چەتنىتەلمەيمەن. ئەمدى سىزنىڭ توغرا مەسلىھەتىڭىزگە بىنائەن ئۈچ مىڭ ئۆيلۈك كىشىنى ئىككى بۆلەك قىلىپ، بىر بۆلىكىنى ئەۋەتىشكە ھۆكۈم قىلدىم» دېدى.

مانا، ئۇ زات ئاجايىپ دانادۇركى، شاھ شېرىن سۆزگە قارىغاندا قەھرگە كۆپرەك دەم ئۇرغان چاغدا، ئىچىملىك سۈيى كەبى يېقىملىق سۆزلەرنى ئېيتىپ، شاھنىڭ ئوتىنى ئۆچۈردى.

## ھېكايە

ساھىبقىران بىر قىشتا مەرۋ شەھرىدە قىشلاشنى لايىق كۆرگەندى. ئەئيانلارنىڭ پاناھلىنىشى ئۈچۈن ئايرىم - ئايرىم چېدىر تىكىلگەن بولۇپ، قاياقتىندۇر ئۇچۇپ كەلگەن بىر قۇش ئالىي ھەزرەتنىڭ چېدىرىغا بىرقانچە نۆۋەت كىرىپ يۈردى. ئۇنىڭغا ھېچكىم ئۈچۈن چېدىر ئىچىگە ئۇۋا ياساپ، تۇخۇم قويدى. ھۆت مەۋسۇمى ئۆتكەچ، سۇلتان ساھىبقىران ئەمدى پايتەخت ھىراتقا يۆتكەلمەكچى بولدى. قۇش بولسا تېخىچە تۇخۇمنى بېسىپ ياتاتتى. دۆلەتلىك ئالىي ھەزرەتنىڭ زاتىدا بولغان شەپقەت ۋە تەبىئىتىدە بولغان مەرھەمەت قۇش باللىرىنى تۇخۇمدىن چىقىرىپ ئۇچۇرۇۋالغۇچە چېدىرغا تەگمەسلىكنى ئىستىدى ۋە خوجا ھەسەن بەختىيارغا ئۇ چېدىرنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرۇشنى بۇيرۇپ، قۇش باللىرىنى ئۇچۇرۇپ كەتكۈچە ئۇنىڭ ھەققىنى ئۆز يېنىدىن تەمىن ئەتتى. مەزكۇر خوجىمۇ بۇ ئىشنى قوبۇل قىلىپ، ئۇ جانىۋارنىڭ باللىرىنى چوڭ قىلىپ ئۇچۇرغۇچە بۇ چېدىرنى مۇھاپىزەت قىلدى.

## ھېكايە

بىر كۈنى ھىدايەت نەسەبلىك بۇ ئەمىر ئەسىر نامىزىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، نامازدا بولمىغانلارنى سۈرۈشتۈرۈش ئادىتىگە خىلاپ ھالدا توساتتىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ خاس باغچىسىغا قاراپ تېزلىك بىلەن يۈرۈپ كەتتى ۋە ھېچ يەردە توختىماستىن يېتىپ باردى. ئەمىرنىڭ

يېنىدا بولغان ئادەملەردىن بەزىلىرى بۇنىڭغا ھەيران بولدى. ئالىي ھەزرەت ئۇلاردىكى بۇنداق پىكىرنى ئاڭلاپ، گۆھەر چاچقۇچى تىلى بىلەن شۇنداق دېدى: «مەن مەسچىت تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقىنىمدا بىر يەردە تاھارەت ئالغانىدىم. جامائەت سېپىگە كېلىپ تۇرغىنىمدا يەلكەمگە بىر چۈمۈلىنىڭ يېپىشىپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. بىلدىمكى، مەن تاھارەت ئالغان جايدا ئۇ ماڭا يېپىشقان. ئەگەر ئۇ مېنىڭ يەلكەمدىن چۈشۈپ، ئۆز ئۇۋىسىنىڭ يولىنى تاپالماي ئازار يەپ قالسا، ئۇنىڭ ئۇۋالى ماڭا بولۇشىنى پەملىدىم، شۇڭا تاھارەت ئالغان جايغا بېرىپ، ئۇنى ئۇۋىسى ئالدىغا قويدۇم ۋە ئۇنىڭ غېمىدىن خاتىرجەم بولدۇم.»

ئالىي ھەزرەتنىڭ كىشىلىرى بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەمىرنىڭ غايەت مەرھەمەتلىك ئىكەنلىكىدىن ھەيرانلىق دېڭىزىغا چۈشۈشتى ۋە تىللىرىنى رەھمەت دۇئالىرىغا ئېچىشتى.

## توققۇزىنچى مەقسەت، كەرەم ۋە ساخاۋەتنىڭ شاراپىتى ھەققىدە[1]

### ھېكايە

905 ـ يىلىدا سائادەتلىك شاھزادە مۇھەممەد سەئىد مۇھسىن مىرزا (خۇراسان ئۆلكىسىگە قاراشلىق بىر شەھەر ھاكىمى) مەملىكەتنىڭ بەزى ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن سەبزىۋار قەلئەسىگە بىر مىقدار ئېھتىيات غەللە توپلىماقچى بولدى. ئۇ ۋىلايەتتىن بولسا غەللە تېپىلماس ئىدى. ئەمىرلەر ۋە نائىبلاردىن بىر قىسمى ھەزرەت سۇلتاننىڭ يېقىنى نەۋائىينىڭ بۇ شەھەردە غەللىسى كۆپلۈكىنى ۋە ئالىي پەرمان بىلەن ئۇ غەللىدىن بىرئاز ئېلىپ، كېيىن غەللە كۆپەيگەندە ئۇ جانابنىڭ ۋەكىللىرىگە بەدىلىنى بېرىشنى مەسلىھەت كۆرسىتىشتى. گۈزەل خۇلقلۇق شاھزادە ئۇلارغا شۇنداق جاۋاب بەردى: «ئەمىر جانابلىرىنىڭ غەللىسىدىن بىر مىقدارىنى ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ھېچكىم ئۇنىڭغا قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلماسلىقى كېرەك.»

بۇ خەۋەر ئالىي تەبىئەتلىك ئەمىرنىڭ قۇلاقلىرىغا يەتكەندە، مەخدۇمزادە ھەققىدە ياخشى دۇئالار قىلىپ، سەبزىۋاردا بار بولغان غەللىنى شاھزادىگە تارتۇق قىلىپ، نائىبلارنىڭ بىرىدىن مەكتۇپ ئەۋەتتى. ئۇ مەكتۇپتا: «تەڭرى نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ھەربىر دانە بۇغداي ئورنىدا بىر دانىدىن مەرۋايىت بولغاندىمۇ، ئۇنىڭغا ھەممىسىنى نەزىر قىلىپ، ئۆزۈمدە بولغان مېھىر ـ مۇھەببەت تۇخۇملىرىنى ئۇ مەخدۇمزادىنىڭ قەلب ئېتىزىغا چاچقان بولاتتىم» دېگەنلەر يېزىلغانىدى.

### ھېكايە

بىر چاغلاردا كېچىلىك مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى خوجا نەسرىددىن ئۇبەيدۇللانىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرى ھەجگە بارغانىدى. ئۇ مەككەئى مۇكەررەمەدە ماۋەرائۇننەھرگە سەپەر قىلىش نىيىتى بولغان بىر سودىگەردىن ئون بەش مىڭ تەڭگە قەرز ئالىدۇ. سودىگەر ھەلەب شەھىرىگە كەلگەن ۋاقتىدا ماۋەرائۇننەھرگە بېرىش نىيىتىدىن يېنىپ، خوجازادىنى قىستاپ ئۇنىڭ قەرزنى تۆلىمەي تۇرۇپ يۇرتى

① تاشكەنت نەشرىدە سەككىزىنچى مەقسەت بېرىلمىگەن.

تەرەپكە ئالدىنى قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. خوجازادە قەرزنى تۆلىگۈچە ئۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولغىنى ئۈچۈن، ئادەملىرىدىن بىرىنى قەرزنى تۆلىگۈدەك مەبلەغ ئېلىپ كېلىشكە سەمەرقەندكە ئەۋەتىدۇ. ئۇ ئادەم بولسا ھىراتتىن ئۆتۈشىدە دۇنيا ئۇلۇغلىرىنىڭ سۆيۈنچىسى ۋە ئىشەنچىسى بولغان نەۋائىي ھەزرەتنى كۆڭلى تارتىپ، ئۇ زاتنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ خوجازادىنىڭ ھەلەبتە قەرزگە بەند بولۇپ توختاپ قالغانلىقىنى، سودىگەرنىڭ قىلمىشى ئۇنىڭغا بەك ئېغىر ئەلەم بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شەپقەتلىك زات خوجازادىگە شەپقەت قولىنى سوزۇپ، قەرزگە يەتكۈدەك مەبلەغ ھازىرلاپ ھەلەبكە ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خوجازادە قەرزدىن خالاس بولۇپ، ۋەتىنىگە قايتىدۇ...

مانا بۇ مەشھۇر زاتنىڭ ئەخلاقى شۇنداقكى، ئۇنىڭ مەدھىيەسىدە يەنە نېمىلەرنى دېيىش مۇمكىن؟ ئۇنىڭ ئەخلاقى ئىنسانىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان دەرىجىدىدۇر. ئۇنىڭ كەرەم ۋە ساخاۋەتلىرىنى بايان قىلىپ تۈگىتىپ بولمايدۇ. بۇنىڭغا ھەيران بولۇشمۇ ئارتۇقچە، چۈنكى ئەنە شۇنداق خۇسۇسىيەتلەر ئۇنىڭغا ھەممىگە قادىر تەڭرى تەرىپىدىن بەخش ئېتىلگەن!

## ھېكايە

بىر كۈنى مەدھىيەگە نىشان ئەمىر زېھنىنى ئېچىش ئۈچۈن مەۋلانا فەسىھىدىن ساھىب بىلەن شەترەنج ئويۇنىغا مەشغۇل ئىدى. شۇ پەيتتە توساتتىن مەدھىيە ئىگىسى ئەمىر بۇرھانىددىن ئەتائۇللاھ ئولتۇرۇشقا كىرىپ كەلدى. ئالىي ھەزرەت ئىززەت ۋە ھۆرمەت كۆرسىتىپ شېرىن سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭدىن ئېھسانلىق سورىدى ۋە: «قەيەردىن تەشرىپ بۇيرۇدىلا، نېمە ئىشلار بار؟» دېدى.

ھۆرمەتلىكلەر نەمۇنىسى جاۋاب بەردىكى: «ھەر كۈنى شەھەردىن مەدرىسەئى ئىخلاسىيەگە قاتناشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بېرى ئۇنىڭ ئەتراپىدىن بىر ھويلا ئېلىشنى ئىستەيتتىم. مانا ھازىر شۇنداق جاينى تاپتىم. ئۇ جاينى ئۈچ مىڭ تەڭگىگە ئالماقچىدىم. بىراق، ئارىغا بىر ئەمەلدار پەيدا بولۇپ، ئۇ ھويلىنىڭ پۈتۈلگەن نەرخىگە پۇل قوشۇپ باھانى ئۆستۈردى. ساتقۇچى شۇنىڭغا بەرمەك بولۇۋاتىدۇ. ئۈمىدىم شۇكى، مولازىملىرىڭىز شەپقەت قىلىپ، باھانى ئۆستۈرگەن كىشىگە نەسىھەت قىلىپ ھويلىنى ئېلىشتىن ۋاز كېچىشنى ۋە ماڭا ئۆتۈنۈشنى تىلىگەن بولسا!» دېدى.

دەريا كۆڭۈللۈك ئەمىر سۈكۈت ئىچىدە ئالدىدىكى شەترەنج مەشغۇلاتىنى تۈگەتتى. ئاڭغىچە ئەمىر بۇرھانىددىن ھەزرەت: «بۇ ئىلتىماسىم ئەمىرنىڭ كۆڭلىگە ئېغىر چۈشكەن بولسا كېرەك» دەپ گۇمان قىلىپ، دىلى پەرىشان بولغانىدى. ھەرھالدا شەترەنج[1] تامام بولدى. ئېھسان ۋە ساخاۋەت مەنبەسى بولغان ئەمىر ئۇ ھۆرمەتلىك زاتقا خىتاب قىلىپ: «ئەگەر پېقىرلارنىڭ بىرىنىڭ كەڭرى سېلىنغان، ھاۋاسى گۈزەل ۋە سۈيى تاتلىق، مەدرىسەگە يېقىن ھويلىسى بولسا، سىزگە ئۆتكۈزسە مۇناسىپراق بولار ئىدى ياكى ئۆزىڭىز ئېيتقان ئاشۇ ھويلىنى قولىڭىزغا ئېلىپ بېرىشكە ھەرىكەت قىلىشسۇنمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇلۇغ نەسەبلىك جاناب بۇ سۆزنى ئىشىتىپ شادلىق ۋە خۇرسەنلىك ئىزھار قىلىپ، ئۈمىدۋار بولدى. بىر چاغدا يوقىرى مەرتىۋىلىك ئەمىر مەۋلانا مۇئمىنىنىڭ ھويلىسىنى ئالىي ھەزرەتنىڭ دىۋانى (مەھكىمىسى)غا تەئەللۇق مۈلۈك قاتارىدا ئېلىپ قويغانىدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ

① شەترەنج ـــ شاھمات.

كۆڭۈلنى ئاچقۇچى ۋە خۇرسەنلىك كەلتۈرگۈچى بىر جاي ئىدى. شۇ جايىنى ئۇ جانابقا ئىنئام قىلىپ، ئۇنى ئىستىگەن مەقسىتىگە يەتكۈزدى.

ساخاۋەت ۋە ھەشەمەت ئىگىسى بولغان ئەمىر سەئىد ئالىم ۋە پازىللارغا ھەددىدىن ئارتۇق ۋە ھېسابتىن زىيان قايغۇنى يوقاتقۇچى باغلار ۋە شادلىقنى ئارتقۇزغۇچى جايلارنى ئەنە شۇنداق ئىنئام قىلار ۋە كۆپ مىقداردىكى ياخشى ئېكىنزار يەرلەر ۋە دىلكەش سۇلۇق جايلارنى ئالىي ھەزرەتلەرگە ۋە مەخدۇمزادىلەرگە ھەم پاكلىق پەردىسى بىلەن ئورالغان جايدا ئولتۇرغۇچىلارغا تارتۇق قىلغان. ئۇنداق ئىنئام ۋە تارتۇقلارنىڭ مىقدارىنى ساناپ ھېسابلاشقا كىشى ئاجىزلىق قىلىدۇ. ھەر قېتىم بۈيۈك مەرتىۋىلىك ساھىبقىران سەپەر قىلىشنى ئىستىگەندە، بۇ ساخاۋەت نىشانىنى ئەمىر ۋە ئالىي ھەزرەتكە ۋە ئۇلۇغ شاھزادىلەرگە نەزىر ۋە ھەدىيە يوسۇنىدا كۆپ مەبلەغلەرنى بېرىۋەتتى. شۇنىڭدەك ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر، سەدىرلەر... بارچە ھۆكۈمەت كىشىلىرىنى ئۆزىنىڭ ئېھسان ۋە داستىخىنىدىن نېسىۋىلىك ۋە بەھرىلىك قىلاتتى.

ئۇنداق ۋەقەلەر كۆپ قېتىم بولغاندۇركى، ھەزرەت ساھىبقىراننىڭ دىۋان كىشىلىرى بىر تۈرلۈك زۆرۈر خىراجەتلەر سەۋەبلىك خەلق ئۈستىگە زور مەبلەغلەر (ئېغىر سېلىقلار) يۈكلىمەكچى بولغانلىرىدا، خەلقنىڭ تەشۋىشلىك ھالغا چۈشمەسلىكى ۋە بۇنىڭ ئارقىسىدا سەلتەنەت قائىدىلىرىدە بۇزۇقلۇق پەيدا بولماسلىقى ئۈچۈن، ئاقچىلارنى ئۆز يېنىدىن تۆلىۋېتەتتى. بۇ كىتابتا بايان قىلىنىشى لازىم بولغانلار قاتارىدا بۇمۇ باردۇركى، 906 ـ ھىجرىيە يىلىنىڭ باشلىرىدا سۇلتان ساھىبقىران مازەندەران ۋىلايىتىگە تەشرىپ قىلغانىدى. ھۆكۈمەت ئىگىسى ئەمىر مۇبارىزىددىن مۇھەممەد ۋەلىبېك نامىغا ھىرات شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاھالىدىن زۆرۈر خىراجەت ئۈچۈن يۈز مىڭ تەڭگە يىغىش قىلىپ يەتكۈزۈپ بېرىش ھەققىدە مۇبارەك ھۆكۈم كېلىدۇ. جانابىي نەۋائىي ھەزرەت بولسا شۇ قەدەر كۆپ مەبلەغدىن دېھقانلار ۋە مالدارلارنىڭ يۈكى ئېغىرلاپ كېتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ ھالدا خەلققە سېلىق سېلىشنى ئالىي دەرىجىلىك ساھىبقىران دۆلىتىگە مەنسۇپ كۆرمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ئۇ مەبلەغنى ئۆزىنىڭ يېنىدىن راسلاپ بەردى. بۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئالىي ھەزرەتكە دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭغا ھېسابسىز رەھمەتلەر ئېيتىشتى.

## ھېكايە

بىر چاغلاردا زەپەر بايراقلىق ساھىبقىران تەرىپىدىن ئاستىرابات ۋىلايىتىنى ئىدارە قىلىش سۇلتان بەدىئۇززامان مىرزا قولىغا تاپشۇرۇلغانىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە سائادەتلىك شاھزادە سەيلە قىلىپ خۇش خۇلقلۇق ئەمىر نەۋائىي مۈلۈكلىرىدىن بولغان ھەيدەرئاباد قىشلىقىغا كېلىپ قالىدۇ. بۇ يەردە ياشىغۇچىلارنىڭ پېئىل ـ ئېتىبارىنى ياقتۇرۇپ قالىدۇ ۋە ھەۋەس يۈزىسىدىن: «يارەب، ھەزرىتى سۇلتاننىڭ يېقىن دوستىدىن بىرەر كىشى ۋاستە بولۇپ بۇ قىشلاقنى بىزگە سېتىپ ئېلىپ بەرسە بولماسمۇ؟» دەپ قالىدۇ. بۇ يەردە ئەمىر خىزمەتچىلىرىدىن بولغان خوجا غىياسىدىن مۇھەممەد دېھدار ھازىر ئىدى. ئۇ كىشى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ شۇ زامانلا: «ۋەلىنېئمىتىم ۋە مەخدۇمۇمغا مېنىڭ يېقىنلىق ۋە نائىبلىقىم شۇ قەدەركى، ئۇ ھەزرەتنىڭ مال ئەشياسىنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىشىم مۇمكىن. ئەمدىلىكتە ئۇ كىشى ئورنىدا بۇ قىشلاقنى شاھزادىگە تارتۇق قىلدىم.» سۇلتان بەدىئۇززامان مىرزا خۇرسەن بولۇپ، مەزكۇر خوجىغا تەزىم قىلىدۇ. بۇ خەۋەر ئالىي تەبىئەتلىك ئەمىرنىڭ قۇلىقىغا

يەتكەندە، خوجا غىياسىددىنىدىن مەمنۇن بولۇپ، بۇ قىلغان ياخشى خىزمىتى ئۈچۈن ئۇ كىشىگە مەخسۇس تون ۋە بىر ئات پۇلى، دەپ مىڭ تەڭگىنى ئاستراباتقا ئەۋەتىدۇ.

## ئۈچىنچى مەقسەت: شېرىن سۆزلۈك لەتىپىلەر ۋە كىشىلەر بىلەن خۇش تەبىئەتلىك مۇناسىۋەتتە بولۇش ھەققىدىكى مۇتەيۋەلەر بايانىدا

«مەن شېرىن تىللىق تۇتى سۈپىتىدە مەلاھەتكە ۋە يېقىملىق سايرىغۇچى بۇلبۇل سۈپىتىدە پاساھەتكە ئىگىمەن» دېگۈچى زات يەنە شۇنداق دېگەنىكەن: « مۇسۇلمان كىشى يېقىملىق قىلىق قىلغۇچى ۋە شېرىن سۆز ئېيتقۇچى بولىدۇ؛ مۇناپىق بولسا قاتتىق يۈزلۈك ۋە ئاچچىق سۆزلۈك بولىدۇ.»

مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئەلى ئۆزىنىڭ گۆھەر چاچقۇچى تىلى بىلەن: «ئەگەر بىرەر كىشى بەدپېئىللىق چېگراسىدىن ۋە ئاچچىق سۆزلۈك دائىرىسىدىن تاشقىرى چىقىش ئۈچۈن قانچىلىك يېقىملىق ھەزىل قىلسا، ھېچ زەرەرى يوقتۇر» دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، گويا دىن يولىنى تۇتقان ئۇلۇغ كىشىلەر ۋە تەرىقەت يولىغا كىرگەن زاتلار مۇتەيۋە ئۈچۈن تىلىنى ئاچار ۋە لەتىپىلەر دۇرلىرىنى بايان يىپىغا تىزار ئىدى. ھەتتا ھەزرىتى پەيغەمبەردىنمۇ كۈلكە كەلتۈرگۈچى سۆزلەر ۋاقىئە بولغىنى ھەققىدە كۆپ نەقىللەر ئېيتىلىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ دائىمىي بولغان زىددىيەت كۆڭۈل ئەينىكىنى خىرەلەشتۈرىدۇ. ئۇنداق جايدا ھەزىل يوسۇندا بولىدىغان سۆزلەر زىننەتلا زىددىيەتلىك كۆڭۈلنى روشەن قىلىدۇ.

بۇ مۇقەددىمىنى بايان قىلىشتىن مەقسەت شۇكى، ھەزرىتى سۇلتانىنىڭ دوستى، دۆلەت ئىگىسى ئالىي ھەزرەت بەزىدە شېرىن نىشانلىق تىلىنى ھەزىل ۋە مۇتەيۋىگە ئاچار ئىدى ۋە لەتىپە ئالامەتلىك سۆزلىرىنىڭ مۇناسىپ دۇرلىرىنى بايان يىپىغا تىزار ئىدى. مۇنداق سۆزلەر ئالىي ھەزرەتنىڭ نازۇك زېھنىنىڭ ۋە مۇبارەك پىكرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئۆتكۈر ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ. مانا شۇلاردىن بىر قىسمىنى تەھرىر قىلىشقا جۈرئەت قىلدۇق.

### لەتىپىلەر

مەۋلانا سائىي زالىم نەپىس كىشى ئىدى. ئۇ بىرقانچە ۋاقىت ئالىي ھەزرەتنىڭ ۋەزىرلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنىدى. بېشىغا كاتتا سەللە ئورىۋالاتتى. ئەمما، ئۇنىڭ يېقىمسىز قىلىقلىرى ئالەم ساھىبقىرانىنىڭ نۇرلۇق قوياشلىق دىلىغا ئايان بولغاچقا، ئۇنىڭغا غەزەپ قىلىپ، بېشىدىن سەللىسىنى ئېلىپ تاشلاشقا بۇيرۇدى. دەل شۇ چاغدا ئالىي ھەزرەت ئاقىل ۋە دانىشقا يۈز كەلتۈرۈپ دېدى:

— بېشىڭىزنىڭ يۈكى يەڭگىللىدى. ئەمدى گەردەن يۈكىنى يەڭگىللىتىڭ!

* *

بىر چاغدا فەرەڭىستاندىن ھىراتقا ساندۇق سائەت كەلتۈرۈشتى. ئالىي دەرىجىلىك ئەمىرنىڭ ئاستانە خىزمەتچىلىرىدىن بولغان مەۋلانا مۇھەممەد نەققاشقا شۇ ساندۇققا ئوخشىتىپ بىر ساندۇق

سائەت ياساشنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭغا ياردەملىشىشكە بىر تۆمۈرچىنى ئاجرىتىپ بەردى.

بازار ئەھلىنىڭ بىر ئادىتى باركى، ئۇلاردا بىرەر كەمچىلىك سادىر بولۇپ قالسا، ئۇنىڭدىن كەلگەن زىياننى شۇ قىلمىشۋاتقان ئىشتىن ئۇندۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. مەزكۇر ئۇستا بىر كۈنى ئەمىرنىڭ ئالدىدا دېدىكى:

— بىرقانچە كۈندىن بۇيان ساندۇق سائەتنى ياساشقا ياردەم بېرىش بىلەن مەشغۇلمەن. شۇ ئارىدا ماڭا خېلى كۆپ زىيان بولدى. شۇ جۈملىدىن قىزىم تەگىرىنىڭ رەھمىتىگە كەتتى. ئالىي ھەزرەت ئۇنىڭغا دېدى:

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئەجەل يەتمىگەنلەر ھەرگىز ئۆلمەيدۇ، ئەجەل يەتكەنلەر ھەم ھەرگىز كېچىكمەيدۇ!

* *

بىر كۈنى ساپ كۆڭۈللۈك ئەمىر پاساھەت ۋە پاكلىق بابىدا زامان شائىرلىرىنىڭ پېشقەدەمى خوجا ئاسەفىيگە نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن مۇبارەك تىلىنى باياناغا كەلتۈرۈپ دېدى:

— ساڭا ھەيرانمەنكى، ئۆتكۈر زېھنىڭ ۋە بەلەن تەبىئىتىڭ بولۇپ تۇرۇقلۇق، شېئىر ئېيتىش بىلەن كەم شۇغۇللىنىسەن. كۆپ ۋاقتىڭنى پايدىسىز ئىشلارغا سەرپ قىلىسەن.

— مۇشۇ كۈنلەردە كۆپرەك شېئىر ئېيتىشقا مەشغۇل بولۇۋاتىمەن. مەسىلەن، ئۆتكەن كېچە ئىككى پۇللۇق شام يېنىپ تۈگىگۈچە ئىككى يۈز بېيىت ئېيتتىم.

شۇندا ئالىي ھەزرەت دېدى:

— دېمەك، يازغان شېئىرلىرىڭنىڭ ھەر يۈز بېيىتى بىر پۇل ئىكەن – دە.

* *

مۇسىقى ئىلمىدە زامانىسىنىڭ يېگانىسى بولغان مەۋلانا ئەلىشاھ بىر كۈنى دۆلەتمەن ئالىي ھەزرەت نەۋائىيغا ئەرز قىلىپ: «سىزنىڭ ئالىي ئىلتىپات ۋە مەرھەمىتىڭىزدىن ئۈمىدىم شۇكى، ۋەقىف باشقۇرغۇچىلار ئالتە ئايلىق مائاشىمنى بىراقلا بەرسە، ھەر ئايدا ئۇلارغا باش ئاغرىقى بولۇپ يۈرمىسەم» دېدى. ئالىي ھەزرەت جاۋاب قىلىپ:

— مەۋلانا، ئۆمرىڭىزدىن ئالتە كۈن قالغانمۇ – يوق، بىلمەيمىز. شۇنداق ئىكەن، نېمىشقا سىز ئامانەت ھاياتقا بۇ قەدەر ئېتىقاد قىلىپ، ئالتە ئايلىق مائاشىنى ئالدىن تەلەپ قىلىسىز؟ — دېدى.

مەۋلەۋىي جانابلىرى دېدى:

— سىز بۇيرۇۋېرىڭ، ئۇلار پۇلنى بېرىۋەرسۇن. تاسادىپىي ئۆلۈپ قالسام، ئاشۇ پۇل گۆر ۋە كېپەنلىكىمگە ياراپ قالار.

شۇئان ئالىي ھەزرەت دېدى:

— ئۆلۈكى بىر بالا، تىرىكى بىر بالا دېگىنى سىز ئىكەنسىز – دە!

## مۇتايىبىلەر

بىر كۈنى ساخاۋەت مەيدانىنىڭ ئىگىسى نەۋائىي ئاۋۋالقى زېرەك كىشىلەردىن ئۆزىنىڭ قىزىق كۆرۈنۈشى ۋە ئاجايىپ سۆزلىرى بىلەن يېگانە ۋە مۇنەۋۋەر بولغان مەۋلانا شەھابىددىن تۇدەۋۋىنىڭگە

مەرھەمەت يۈزىسىدىن ئېگەر ـ جابدۇقلۇق بىر ئات ئىنئام قىلدى. بۇ ئىلتىپات مۇناسىۋىتى بىلەن مەۋلەۋى ئۆزىنى ئالىي ھەزرەتنىڭ خاس كىشىلىرى قاتارىدا ھېسابلاپ، خىزمەت ۋە مۇلازىمەتنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ ئۆتىدى. مەسىلەن، قاچانكى نەۋائىي ئاتقا مىنىپ بىرەر يەرگە بارىدىغان بولسا، ئۇ ھەم خىزمەتتە بولاتتى، ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىدە يەنە دەرۋازا يېنىدىن بىر دەقىقە نېرىغا كەتمەس ئىدى. شۇ سەۋەبتىن لۇتفۇ كەرەم ئىگىسى نەۋائىي ئۇنىڭدىن ناھايىتى قىسىلدى. بىراق، ئالىي خۇلقى ئۇنىڭ دىلىنى ئاغرىتىشقا ۋە ئۇچۇقتىن ـ ئوچۇق ئۆز مۇلازىمىتىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا يول قويماس ئىدى. ئاخىر خىزمەتكارلاردىن بىرى ئەمىرنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن يوشۇرۇن ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئېتىنى ئېلىپ تېزلىكتە بازارغا ئېلىپ بېرىپ ساتتى. مەۋلەۋى شىھابىددىن مۇدەۋۋىن ئۇنى راست ئوغرى دەپ بىلدى ۋە ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ ئىككى تاش يولنى پىيادە باستى. لېكىن، ئاتتىن ھېچقانداق دېرەك بولمىغاچقا، بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپ، يۈگۈرگىنىچە ئىززەت دېڭىزى بولغان ئەمىر ھۇزۇرىغا كەلدى ۋە ئۆزىنىڭ سەرگەردانلىق كەيپىياتىنى ئەرز قىلدى. ئالىي ھەزرەت دېدى:

— ئاتلانغان چېغىمىزدا بىزگە ھەم باش ئاغرىقى بولمايسەن.

ئۇ بۇنىڭغا رازى بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئەمىر خىزمەتكارغا دېدى:

— ئاقچىنى مەۋلانىغا بېرىڭ.

ئاتنى ئېلىپ قېچىپ ساتقان كىشى ئۇنىڭغا توقسان تۆت تەڭگە ساناپ بەردى. مەۋلەۋى تەئەججۇپلىنىپ:

— ئىنئام قىلىنغان ئاقچا يۈز تەڭگە بولۇشى كېرەك. نېمىشقا ئالتە تەڭگە كەم بولىدۇ؟ — دېدى. شۇئان بىرەيلەن دېدى:

— ئېتىڭىزنى شۇنىڭدىن ئارتۇققا ئالمىدى.

* *

خەيرلىك بىنالار قۇرغۇچىسى نەۋائىي 904 ـ ھىجرىيە يىلىدا ھىراتنىڭ جامە مەسچىتى بىناسىنى يېڭىلاش ۋە زىنىنەتلەش ئىشىغا قاتتىق ئىجتىھات قىلدى. ئۇ شاراپەتلىك بىنانىڭ يازمىلىرىنى زىنىنەت ۋە ھۆسنىخەتلەر بىلەن نەقىشلەشنى خوجا مىرەك نەققاش تەخەللۇسى بىلەن مەشھۇر بولغان سەئىد روھۇللاغا يۈكلىدى. ئۇ كىشى بۇ ئىشتا بىپەرۋالىق يولىنى تۇتۇپ، قەغەز، قەلەمگە كېچىكتۈرۈپ قول ئۇردى. نەققاشلار ئۇنىڭغا قاراپ ئىشلىيەلمەي تۇرۇشتى. بۇ ئەھۋال بارغانچە ھەددىدىن ئاشتى. ئۇنىڭغا نە نەسىھەت ۋە نە ئېغىر سۆز كار قىلمىدى. ئاخىر ساپ كۆڭۈللۈك ئەمىر قىزىق بىر تەدبىر ئىشلەتتى:

خوجا مىرەك نەققاش ھىرات ئەتراپىدىكى سەئىد راۋان قىشلىقىدا دەم ئېلىۋاتقان پەيتتە، خوجا جالالىددىن مۇھەممەدكە خوجامدەك نەققاش دىۋانى ئالىيدىن قەرز ئالغان بەش مىڭ دىنارنى قايتۇرۇش توغرىسىدا ھۆججەت قەغىزى يېزىپ ئەۋەتىشنى بۇيرۇدى. قەغەزنى سەئىد روھۇللا جانابلىرى تونۇمايدىغان ئىككى مۇلازىمغا بېرىپ، ئۇلارغا «ئاشۇ قىشلاققا بېرىپ خوجا مىرەكنى تۇتۇپ ھۆججەتتە ئېيتىلغان مەبلەغنى سىياسەت بىلەن تەلەپ قىلسۇن ۋە بىز شاھزادە فەرىدۇن ھۆسەيىن مىرزىنىڭ نۆكىرىمىز دېسۇن» دېگەن ئەمىر بېرىلدى. ئۇ ئىككى كىشى قىشلاققا ھايالسىز باردى ۋە خوجا مىرەكنى تېپىپ، قوپاللىق بىلەن قەرزنى تەلەپ قىلىشتى. سەئىد روھۇللا جانابلىرى بۇ ھادىسىنى

كۆرۈپ ھەيران بولدى ۋە: «مېنى مەسچىت جامەگە ئېلىپ بېرىڭلار، يا قەغەزنى قايتۇراي ياكى پۇل تېپىشقا ھەرىكەت قىلاي» دېدى. مۇلازىملار ئۇنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، كېچىلەپ ساقلىدى. ئەتىسى سەئىد روھۇللا قاتتىق زارلىنىپ، ئىلتىماس قىلدى: «مېنى مەسچىت جامەگە ئېلىپ بېرىڭلار، بەلكى ئەمىر ھالىمغا رەھىم قىلىپ دىۋان مەنسەپدارلىرىغا ئادەم ئەۋەتەر، قولۇڭلاردىكى قەغەزنى ئېلىپ، بۇ قەرزنى بوينۇمدىن ساقىت قىلىڭلار.»

مۇلازىملار بۇ ئىلتىماسنى قوبۇل قىلىپ، خوجا مىرەكنى مەسچىتكە ئېلىپ بېرىشتى. ئۇ جاناب ئالىي ھەزرەتنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ كۆز يېشى بىلەن ئەرز قىلدى:

— تولىمۇ كەمبەغەللىكتە ياشاۋاتقان مۇشۇنداق چېغىمدا بەش مىڭ دىنارنى مېنىڭ نامىمغا يېزىشىپتۇ. ئەگەر مەرھەمەت قىلىپ ئۇشبۇ قەغەزنى قايتۇرۇش چارىسىنى كۆرسەڭىز، ئۇمىد قىلىمەنكى، قىيامەتتە ئۇلۇغ بوۋىلىرىم سىزگە ئۆزرىخاھلىق قىلار.

ئالىي ھەزرەت:

— قەغەزنى قايتۇرۇش بەسى مۇشكۇل، شۇنداق بولسىمۇ، ئىلاجىنىڭ بارىچە ئۇرۇنۇپ كۆرىمىز، پەقەت شۇ شەرت بىلەنكى، سىزمۇ ئون بەش كۈن مۇددەت ئىچىدە بۇ مۇبارەك مەنزىلنىڭ يازمىلىرىنى نەقىشلەش تەشۋىشىدىن بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى تىنچىتسىڭىز، — دېدى.

خوجا مىرەك قوبۇل بارماقلىرىنى كۆزى ئۈستىگە قويۇپ، بۇ خۇشۇستا بىر تىلخەت پۈتۈپ ئۇنىڭغا تۆۋەندىكىلەرنى يازدى: «ئەگەر بەلگىلەنگەن مۇددەتتىن بىرەر كۈن ئۆتسە، مەبلەغ خۇسۇسىدا ئۆزرىسىز جاۋابكار بولىمەن». شۇنىڭدىن كېيىن، ئالىي ھەزرەت ئەمىر كامالىددىن ھۇسەيىنگە بۇيرۇدى:

— خوجا مىرەكنى ئېلىپ كەلگەن مۇلازىملار بىلەن دىۋانغا ئېلىپ بېرىپ، قانداق قىلىپ بولسۇن، بۇ قەغەزنى قايتۇرۇڭ.

سەئىد روھۇللا جانابلىرى خۇرسەن بولۇپ، ئۆز ئۆيىگە يۈگۈرۈپ باردى ۋە تېزلا يېزىق ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ بۇ ئىشنى تولۇق پۈتتۈرمىگەچكە ھېلىقى قەغەز ۋەھىمىسىدىن تاشقىرىغا چىقالمىدى.

## خاتىمە

## ئاجايىپ ھالەتلەر ۋە ئاجايىپ ھېكايىلەردىن بەزىلىرىنىڭ بايانىدا

ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك خاقان شاھرۇھ سۇلتاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، خۇراسان شەھەرلىرى پىتنە ـ پاسات يامراپ، تەرتىپسىز ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئالىي مەرتىۋىلىك ئەمىرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆزلىرىگە قاراشلىق ياشلارنى ۋە ئۇلۇغلارنى ئۆزلىرى بىلەن شىراز تەرەپكە ئېلىپ كەتتى. ئۇ تەرەپتە بىرقانچە يىللارنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۆز ۋەتىنىگە كۆڭۈللىرى تارتىشىپ يەزد يولى بىلەن خۇراسانغا قاراپ يۈزلىنىشتى. بىر كېچىسى يول يۈرۈۋېتىپ ھەممەيلەننى ئۇيقۇ بېسىپ، ئۇ چاغلاردا كىچىك بولغان ئالىي ھەزرەتنى مۇھاپىزەت قىلىشتىن پەرۋاسىز قىلىشتى. ئالىي ھەزرەتنىمۇ ئۇيقۇ ئۆز قوينىغا تارتتى، ئېتى يولنىڭ چېتىگە چىقىپ خېلى مۇساپىنى يۈرگەندە، ئۇ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى. بىراق، يول چارچاتقانلىقى ۋە ئۇيقۇنىڭ ئىلكىگە ئېلىشى نەتىجىسىدە، ئۆزىنىڭ ئاتتىن يىقىلغىنىنىمۇ سەزمىدى. پەقەت قۇياش چۆل ـ سەھرالارنى يورۇتقاندىلا، ئاندىن ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنىڭ

پايانسىز چۆلدە ياتقانلىقىنى، ئېتىنىڭ بولسا يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئادەمسىز چۆلدە قورقۇنچ چۈشكەن بولسىمۇ، بىراق ئەقلىنىڭ كۈچى ۋە قابىلىيەتىنىڭ دەۋىتى بىلەن خوراسان يولىنى ئىزدەش كېرەكلىكىنى ئويلىدى - دە، تېزلىك بىلەن ئاتقا مىنىپ پاراسەتلىك كۆزى بىلەن پەرق ئېتىپ يولىنى تاپتى ۋە يولغا چۈشتى. بىر مۇددەتتىن كېيىن، ھاۋانىڭ ھارارىتى ئېشىپ ئۇنى تەشنالىق باستى. كۆپ ئۆتمەي ئۇ بوشىشىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا، يىراقتا ئۇنىڭ كۆزىگە بىر قارا نەرسە كۆرۈندى. يەنە بىر مىقدار يول يۈرگەندىن كېيىن، ئۇ نەرسە تېخىمۇ كىچىك بولۇپ كۆرۈندى. قانچە يېقىنلاشقانسېرى ئۇ نەرسىمۇ بارغانچە كىچىكلىدى. ئۇ نەرسىنى دۇبۇلغىنىڭ قېپى بولسا كېرەك، دەپ گۇمان قىلدى، قارا نەرسىنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغاندا كۆردىكى، ئۇ سۇ توشقۇزۇلغان بىر قاچا ئىكەن. ئۇ سۇنى ئىچىپ ئېھسان ئىگىسىگە شۈكۈر بەجا كەلتۈردى. قىزىق يېرى، يەزدىتىن چىققاندىن بېرى، مۇنداق تاتلىق سۇ تېپىلمىغانىدى. بۇ سۇ بولسا شۇنچىلىك مەززىلىك ئىدى.

بۇ ياخشى ئاقىۋەتلىك بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە بۇرادەرلىرى بىر مەنزىلگە يېتىپ توختىغانلىرىدا، بالىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىشتى. كۆڭۈل ئاسمىنىنى پەرىشانلىق ۋە غەمكىنلىك بۇلۇتلىرى قاپلىدى. ئاتا - ئانا سائادەتلىك بالىسىنى شۇنچە ئىزدىسىمۇ ھېچبىر دېرىكىنى ئالالمىدى. ئاخىر مۇلازىملاردىن بىرىنى بالىنىڭ دېرىكىنى ئېلىش ئۈچۈن يەزد تەرەپكە قايتۇردى. مۇلازىم بىرئاز يول يۈرگەندىن كېيىن مەخدۇمزادىنى ئۇچراتتى. بالا ئاتا - ئانىسى ۋە بۇرادەرلىرى ئالدىغا يېتىپ كېلىپ، ئېغىر دەرىجىدە تەشنالىقتا قالغانلىقىنى ۋە سۇ تېپىلغانلىقىنى بايان قىلدى. ھەممىسى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇشتى ۋە شېرىن سۇنى نېسىپ قىلغىنى ئۈچۈن تەڭرىگە دۇئالار قىلىشتى.

## ھېكايە

بىر ۋاقىتلاردا، سەمەرقەند شەھىرى گۈزەل سۈپەتلىك ئەمىرنىڭ نۇرلۇق يۈزلىرىدىن جەننەت كەبى نۇرلانغانىدى. ئەمىر نىزامىددىن سۇھەيلىي مىرزا سۇلتان ئەھمەدنى مەدھىيەلەپ بىر قەسىدە تۈزۈپ، ئالىي ھەزرەتنىڭ نەزىرىگە يەتكۈزدى ۋە ئۇنى ئۈزىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ زات قەسىدىنىڭ بېيىتلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ ئېيتتىكى: «مەدھىيە ئېيتىلگۈچىنىڭ ئىسمىغا زىننەتلەنگەن بېيىتلەردىن ئاخىرقى بېيىت ئورنىغا باشقا بېيىت سېلىش لازىم. شۇندىلا سۆزلەر بىر - بىرىگە باغلىنىدۇ.» جانابىي سۇھەيلىي ئېيتتى: «مەندىمۇ شۇنىڭ تەشۋىشى بار ئىدى. ئۈمىد قىلىمەنكى، شەپقەت يۈزىسىدىن ئۇ بېيىتنى سىز ئېيتىپ بەرگەن بولسىڭىز»، ئالىي ھەزرەت: «مەن ئويلاپ كۆرەي، سىزمۇ پىكىر قىلىڭ» دېدى.

ئىككىيلەن ئالدىغا دەۋەت، قەلەم ۋە بىر پارچىدىن قەغەز قويۇشۇپ ئوي - پىكىر دېڭىزىغا غەرق بولۇشتى. بىر چاغدا ھەر ئىككىسى باشلىرىنى كۆتۈرۈپ بىردىن بېيىت يېزىشتى ۋە ئۇنى بىر - بىرىگە سۇنۇشتى. ئويلىمىغان يەردىن ئىككىيلەننىڭ يازغان بېيىتلىرى ئوپمۇئوخشاش چىقتى.

## ھېكايە

ئالىي ھەزرەت ئەمىرنىڭ كىتابخانىسىدا ياقۇتىي دېگەن كاتىپنىڭ خېتى بىلەن يېزىلغان بىرنەچچە سەھىپىسى يوقالغان قۇرئان بار ئىدى. ئۇ ھەزرەتنىڭ مۇبارەك خاتىرى ئاشۇ نەپىس تۆھپىنى

تولۇقلاشنى ئىستەپ، چۇشۇپ قالغان سەھىپىلىرىنى يېزىپ چىقىشنى خوجا ھاپىز مۇھەممەد مۇپفارىغا تاپشۇردى. خوجا ھاپىز مۇھەممەد بىرنەچچە كۈن مابەينىدە قانداق يول بىلەن ئارتۇق ـ كەملىك قىلمايدىغان، بېتى ـ بېتىگە توغرا كېلىدىغان قىلىپ يېزىش چارىسىنى ئىزدىدى. شۇ پەيتتە ئۇ ھەزرەتنىڭ قولىغا مەۋلانا شەمس مەئرۇف قەلىمىگە مەنسۇپ قۇرئان نۇسخىسى چۇشتى. ئۇنىڭ خېتى ۋە كۆرۈنۈشىنى سەھىپىسى يوقالغان ئاشۇ قۇرئانغا يېقىن كۆرۈپ، «چۇشۇپ قالغان سەھىپىلىرىنى شۇنىڭدىن كۆرسىگىز، ئېھتىمال ماس چۇشەر» دەپ خوجا ھاپىز مۇھەممەدكە ئەۋەتتى. دەرۋەقە مەۋلانا شەمس مەئرۇف بۇنى ئىلگىرى ئاشۇ ياقۇتىي قۇرئانىدىن بەتمۇبەت، خەتمۇخەت كۆچۈرگەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ سەھىپىلەرنى تولۇقلاپ كۆچۈرۈش ئاسانغا چۇشتى.

## ئالىيجاناب ھەزرىتى سۇلتانىنىڭ يېقىن دوستىنىڭ بۇ پانىي دۇنيادىن مەڭگۈلۈك ئالەمگە كۆچكەنلىكىنىڭ بايانى

ئەقىل ئىگىلىرىگە مەلۇمكى، ستەمكار زامان ئىنسانلارغا سالىدىغان جاپا سەرمايىسىنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىپ بارىدۇ. پازىل كىشىلەرگە ئېنىقدۇركى، جاگجالكەش پەلەك ۋاپا ئەھلىلىرىنى تىنچ ۋە خاتىرجەم قويمايدۇ.

بۇ سۆزلەرنىڭ شەرھى شۇكى، ھىجرىيە 906 ـ يىلى جامادىيەل ـ ئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئاخىرلىرى (مىلادىيە 1500 ـ يىلى 23 ـ دېكابىر)دا ئادالەتلىك ساھىبقىران (ھۇسەيىن بايقارا)نىڭ مۇبارەك بايرىقى ئاستىرابات يۈرۈشىدىن سەلتەنەت تەختىنىڭ قارارگاھىغا يۈزلەندى.

بۇ شادلىق خەۋىرى ناھايىتى تېزلا ھىرات خەلقىگە يېتىپ كەلدى. ھىدايەت نەسەبلىك، كاتتا ئابرۇيلۇق زات، خاقانىي دۆلەتنىڭ تايانچى، سۇلتان ھەزرەتلىرىنىڭ دوستى ئالىي ھەزرەت ئەلشىر نەۋائىي خاقاننى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن جامادىيەل ـ ئاخىر ئېيىنىڭ يەتتىنچىسى، سەيشەنبە (مىلادىيە 1500 ـ يىلى 29 ـ دېكابىر) كۈنى قەۋسىيە قىشلىقىغا بېرىپ پەريىات رابىتىنى مۇبارەك يۈزىنىڭ نۇرى بىلەن جەننەتكە ئايلاندۇردى. كېچە ئاشۇ يەردە قونۇپ ۋە تامىلىرىغا ئاللىكىملەر تەرىپىدىن يېزىلغان بېيىتلەرنى ئوقۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىر تەرىپىدىن ئىچىگە كىردى، توساتتىن ئۇل ھەزرەتنىڭ مۇبارەك كۆزى شۇ قۇرلارغا چۇشتى: مۇشۇ دەقىقىدە ھۆكۈمالارمۇ ئاجىز قالدى، ئىنسان تەگرىنىڭ قازاسىغا قارشى نېمىمۇ قىلالايدۇ؛ تومۇرنىڭ سوقۇش رىتىمى ئۆزگەرگەندە ئەپلاتوننىڭ پۈتىمۇ ئاجىزلىق لېيىغا پېتىپ قالىدۇ. مىجەزنىڭ ياخشىلىقى يامانلىششقا يۈز تۇتقاندا ئەبۇئەلى ئىبنى سىنانىڭ «قانۇن»ى بىھۇدە نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىشەنچ ۋە ئېچىنىش ئىزھار قىلىپ ئېيتتىلاركى: «توغرا، ھەممە ئادەم ئۇ دۇنياغا بارماق لازىم. ئۆلۈم ۋە ھايات ياراتقۇچىسىنىڭ ئىستىكىنى ھېچكىم قايتۇرالمايدۇ.»

شۇ كۈنى ئۇ يەردىن پاياب[1] رابىتىغا باردى. پەيشەنبە كېچىسى (مىلادىيە 1500 ـ يىلى 31 ـ دېكابىر) بۇ يەرگە لەشكەرگاھتىن مەۋلانا ۋايس كېلىپ، «ئەلا ھەزرەت بۈگۈن كېچە ئەمىر شاھ مەلىك رابىتىغا تەشرىپ بۇيرۇدىلەر، بۇ يەردىن ئەتە ئەتىگەن يولغا چىقىدۇ» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى.

«ۋىسال مەنزىلى يېقىنلاشسا، شەۋق ئوتى كۈچىيىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش، ماختاشقا لايىق

---

[1] پاياب — يەر ئىسمى.

ساھىبقىراننى كۆرۈش شەۋكىتى بىلەن شادلىقنىڭ ئۈستىگە شادلىق قوشۇلغان ئۇل ئەمىر خۇشاللىق ياشلىرىنى كۆزلىرىدىن راۋان قىلىپ، بامدات نامىزىنى بۇرۇنراق ئادا قىلىپ، رابىتىغا قاراپ يولغا چىقتى. يول ئۈستىدە مۇبارەك پېشانىسىدىن شادلىق ۋە خۇرسەنلىك نۇرلىرى پارلىدى. ئۇنىڭغا ئۇچرىغان پادشاھنىڭ ھەربىر مۇلازىمى ھال ـ ئەھۋال سوراش ۋە كۆڭۈل ئۇۋلاش بىلەن ئۇنى خۇشال قىلاتتى. بىر پەرسەخ① كە يېقىن يول يۈرگەندىن كېيىن، ساھىبقىراننىڭ دەبدەبىلىك ۋە كۆركەم مەپىسى كۆرۈندى. دەل شۇ چاغدا خۇدانىڭ ئىنايىتى بىلەن ئۇل زاتنىڭ مۇبارەك بېشى ئايلاندى. ئالىيجاناب ئەمىر خوجا شاھابىددىن ئابدۇللانى ھوزۇرىغا چاقىرىپ: «مېنى ئېھتىيات قىلىشتىن غاپىل بولماڭلار، ئەھۋالىم ئۆزگىرىپ قالدى» دېدى ھەمدە ئەلا ھەزرەتنىڭ قولىنى سۆيۈشكە ئالدىغا بېرىش ئۈچۈن ئاتتىن چۈشتى. توساتتىن پەيدا بولغان كېسەللىكنىڭ كۈچىيىشى ئاخىرقى پەللىگە يەتكەنلىكى ۋە مېڭىشقا مادارى قالمىغانلىقىدىن، مەزكۇر ئەمىر (شاھابىددىن ئابدۇللا) ۋە مەۋلانا جالالىددىن قاسىم ئۇنىڭ قولتۇقلىرىغا كىرىپ، ئۇلۇغ ئەمىرنىڭ بېشىنى بۈيۈك شەۋكەتلىك پادشاھنىڭ قۇچىقىغا قويۇشقا ئاران ئۈلگۈرەلىدى. ئەلا ھەزرەت ئۇل بۈيۈكلۈك ۋە شانۇ ـ شەۋكەتنىڭ ئاساسى بولغان ئەمىر (نەۋائىي)نىڭ ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش بارلىقىنى كۆرۈپ، غايەت زور قايغۇغا پاتتى، غەمكىن بولدى. بۇ يەر توختاش جايى بولمىغانلىقتىن، ھال ـ ئەھۋال سوراش ۋە ئىلتىپات مۇراسىملىرىدىن كېيىن يولغا چۈشتى. شۇ ئارىدا بۇ كېسەل پالەچكە ئايلىنىپ، ئالىي نەسەبلىك ئەمىردە قايتا ھەرىكەت قىلىش ۋە سۆزلىشىشكە ماجال قالمىدى. ئەمىرنىڭ خىزمىتىدە بولغان بارلىق ئۇلۇغلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن خىزمەتكار ۋە مۇلازىملار ئۇل ھەزرەتنى مەپىگە ياتقۇزۇپ شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. يول ئۈستىدە مەۋلانا نىزامىددىن ئابدۇلھەي ۋە مەۋلانا شەمسىددىن مۇھەممەد گىلانىي دانالارنىڭ مۇۋاپىق تېپىشى بىلەن ئۇل زاتنىڭ تومۇرىدىن مۇشكۇل قىيىنچىلىق بىلەن قان ئالدى. بىراق بۇنىڭمۇ ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى.

«بولدى قىل، ئەي تېۋىپ، ئىشىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن». نائىلاج قايغۇلۇق كۆڭۈل ۋە ياشلانغان كۆز بىلەن ئۇل ھەزرەتنىڭ غەم ـ ئەندۇھ كارۋىنى بىلەن بىرلىكتە شەھەرگە ئاتلاندى.

ئەي دىل، تەتۈر پەلەكنىڭ تەبىئىتىدە ئارام بولمىغاچ، ئۇنىڭدا ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن، كىشىدە قانداق ماجال بولسۇن.

جۈمە كۈنى (مىلادىيە 1501 ـ يىلى 1 ـ يانۋار) كېچىسى يېرىم كېچىدە، خەيرلىك بىنالار قۇرغۇچىسىنى ئۆيىگە ئېلىپ كەلدىلەر. ئەتىسى سەھەردىلا شەھەر تېۋىپلىرىنىڭ كۆپچىلىكىنى ئۇل ھەزرەتنىڭ بېشىغا يىغدى. بۇلار داۋالاشقا ھەرقانچە ھەرىكەت قىلىپ، تۈرلۈك دورا ـ دەرمانلارنى ئىشقا سالغان بولسىمۇ، بىماردا تۈزۈلۈش ئالامەتلىرى كۆرۈلمىدى، ئەكسىچە ئۇنىڭ ئەھۋالى سائەتمۇسائەت ئېغىرلىشىپ، زەئىپلىكى كۈچىيىشكە باشلىدى. «ئەجەل كەلگەندە، داۋالاشتىن نېمە پايدا؟»

ئاشۇ كۈنى سۇلتانى ساھىبقىران شەھەرگە يېتىپ كەلدى ۋە ئۇل ھەزرەت ئەلىشىر نەۋائىيغا بولغان چەكسىز مۇھەببىتى تۈپەيلىدىن باغى جاھانئاراغا بارماي، ئۇدۇل ھەشەمەتلىك ئەمىر ھوزۇرىغا تەشرىپ بۇيرۇدى. ئۇل ھەزرەتنىڭ كېسىلىنىڭ ناھايىتى ئېغىرلىقىنى سېزىپ كۆپ ياش تۆكتى ۋە قاتتىق قايغۇ ـ ھەسرەت بىلەن باغقا قايتتى. ئەمما، تېز ـ تېز ئادەم ئەۋەتىپ ھال ـ ئەھۋال سوراش

① پەرسەخ ـــ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى.

مۇراسىمىنى بەجا كەلتۈرۈپ تۇرار ۋە غەم، ئىزتىراپىنىڭ ئىپغىرلىقىدىن، ئىستىراھەت تۆشۈكىدە بىر دەقىقىمۇ ئارام ئالالماس ئىدى. شەنبە (مىلادىيە 1501 ـ يىلى 2 ـ يانۋار) كۈنى ھەر ياخشى خىسلەتلىك ئەمىرنىڭ ئەھۋالى ئۆزگەرمىدى. بەلكى زەئىپلىك بارغانسېرى كۈچىيىپ، كېسەللىك شىددىتى ئېغىرلىشىپ بارماقتا ئىدى. ئاقىۋەتتە مەزكۇر ئاي (جامادىيەل ئاخىر)نىڭ ئون ئىككىنچىسى يەكشەنبە (مىلادىيە 1501 ـ يىلى 3 ـ يانۋار) كۈنى سەھەردە ھەق چاقىرىقىنى «لەببەيكە» دەپ قوبۇل قىلىپ، باقىيلىق بارىنى روھ ئالغۇچىغا تاپشۇردى ۋە ھايات گۈلشىنى بۇلبۇلىنى ئالىي چىمەنگە يولغا سالدى.

تا بۇ جاھان مەۋجۇت بولغاندىن باشلاپ شۇنداق بولغان ھەم شۇنداق بولىدۇ. ھەممە ئادەمنىڭ تەقدىرىنىڭ ئاقىۋىتى شۇنداق بولىدۇ.

مەھشەر كۈنىنىڭ غوۋغا، توپىلىڭى پۈتۈن جاھاننى چىرمىۋالدى، ئەمىر ۋە ۋەزىرنىڭ يىغا ـ زارى، چوڭ ـ كىچىكنىڭ پەريادۇ پىغانى ئاسماننىڭ ئەڭ يۇقىرى قەۋىتىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتتى. سۇلتانى ساھىبقىران ۋە پادىشاھ خانىدانىنىڭ بەزى ئەزالىرى شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا ئۇل ھەزرەت (نەۋائىي)نىڭ خانىدانىغا يېتىپ كەلدى ۋە ئىززەت تەختىدىن ماتەم پەگاھىغا چۈشۈپ نالە ـ زار ۋە يىغلاشقا باشلىدى. پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىگە ئاساسەن يۇيۇش، كېپەنلەش قائىدىلىرىنى ئادا قىلدى. زەپەرلىك ساھىبقىران، ھەشەمەتلىك ئەمىرلەر، ئىسلام ماشايىخلىرى، بۈيۈك سەئىدلەر، ئالىم ۋە پازىللار ۋە جىمى خەلق رەھمەت ئىگىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا چوڭ كوچىغا قاراپ ماڭدى. بارلىق غەمكىنلەر ئاھىنىڭ ساداسى، يىگىدىن دۆلەتكە ئېرىشكەن خەسىسلەرنىڭ كىبىر ـ ھاكاۋۇرلۇقىدەك ئاسمانغا يەتتى ۋە يۈرەك خۇنابلىرى بەختى قاچقان سېخىيلارنىڭ ياش گۆھەرىدەك كۆز چاناقلىرىدىن توختاۋسىز تۆپىراققا تۆكۈلەتتى.

شۇ چاغدا ھاۋا جەۋھىرى شاھ ۋە گادايلارغا قوشۇلۇپ، چەكسىز ياش قەترىلىرىنى ياغدۇردى، بەلكى روھ بۇلۇتىنىڭ رەيھاندەك خۇش پۇراق تامچىلىرى ئۇنىڭ ئەرشتەك مۇئەززەم تاۋۇتىنىڭ ھەممە تەرىپىگە قونۇپ تۇردى.

ئاسماننىڭ كۆزلىرىدىن شەپەق قانلىرى تامدى. ئاي يۈزىنى تىرنىدى، زوھرا چاچلىرىنى يۇلدى. شۇ ماتەم ۋاقتىدا تۇن قارا تون كىيدى. تاڭ بولسا سوغۇق ئاھ چېكىپ ياقىسىنى يىرتتى.

ھىرات ھېيتگاھىدا ناماز چۈشۈرۈلدى، كېيىن ئۆزلىرىنىڭ جامائە مەسچىتى يېنىدىكى ئىلگىرى مەخسۇس ياساپ قويۇلغان گۈمبەز ئىچىگە ئەكىرىپ دەپنە قىلىنىشتى. «ئەي تۆپراق، باغرىڭدا نېمە بارلىقىنى قانداق بىلىسەن؟» شۇ كېچىسى بۈيۈك سەئىدلەر ۋە ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى ئاشۇ جازىبىلىك قەبرىنىڭ بېشىدا تۈنەپ قېلىشتى. قارىيلار تاڭ ئاتقۇچە تىلاۋەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ كىرپىك قاقمىدى.

ئەتىسى قۇياش ماتەم تۇتقان كىشىلەردەك ئاسماننىڭ كۆك چاپىنىنى كىيدى، يۇلتۇزلار تۈركۈمى ئادەمنىڭ كۆز يېشىدەك يەرگە تۆكۈلدى. ۋاپادار ساھىبقىرانمۇ رەھمەتكە سازاۋەر ئەلىشىر نەۋائىي ئۈچۈن ماتەم بىلدۈردى. پايتەخت ھىراتنىڭ ئۇلۇغلىرىمۇ خىزمەتكە كېلىپ، تەزىيە بىلدۈرۈش مۇراسىمىنى بەجا كەلتۈردى. شۇ كۈنى ھىرات شەھىرىنىڭ كۆپلىگەن مەسچىتلىرىدە خەلق ماتەم جايىنامازىغا ئولتۇرۇپ، ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك زاتنىڭ روھىنى شاد قىلىش ئۈچۈن خەتمىقۇرئان بىلەن مەشغۇل بولدى.

ئۇنىڭ ۋاپاتى سەۋەبىدىن ھەربىر ئۆينى ماتەم چۇلغىدى، تەرەپ - تەرەپتىن نالە قوزغالدى. بۇ پاجىئەلىك مۇسىبەتتىن، بۇ قايغۇلۇق ئۆلۈمدىن ھەرقانداق باغرى تاش قەلبكىمۇ ئوت تۇتاشتى.

سۇلتانى ساھىبقىران ئۆچ كۈنگىچە بۇ كىشىلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولغۇچىلارنىڭ يولباشچىسىنىڭ ئۆيىدە تۇردى. سەدىقە ۋە نەزىر قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە نۇر چاچقۇچى زاتنىڭ مازارىنىڭ بېشىغا بېرىپ زىيارەت شەرتلىرىنى بەجا كەلتۈردى. ئالىي نەسەب ئەمىرنىڭ ئۇلۇغ بۇرادىرى ئەمىر نىزامىددىن شەيخ بەھلۇل ۋە ئۇل جانابنىڭ بېقىۋالغان ئوغلى ئەمىر كامالىددىن سۇلتان ھۇسەيىنگە ۋە ئالىي ھەزرەتنىڭ باشقا يېقىنلىرى ۋە مۇلازىملىرىغا مېھرىبانلىق كۆرسەتتى ھەمدە ئاشۇ كۈنى سۇلتانى ساھىبقىراننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئالىي قەدىرلىك ئەمىر مۇبارىزىددىن مۇھەممەد باھادىر، ئەمىر خوجا ئەپزەلىددىن مۇھەممەد جانابلىرى ۋە ئالىي دەرگاھ (ئوردا) ئەمىرلىرىنىڭ سەردارى خوجا شاھابىددىن ئابدۇللا ھىرات شەھىرىنىڭ ماشايىخ، سەئىد، ئالىم ۋە پازىللىرىنى رەھمەت ئىگىسى (نەۋائىي)نىڭ ئۆيىگە چاقىرىپ، تۈرلۈك - تۈمەن تائام تارتتى. بىراق، سائادەتلىك ساھىبقىراننىڭ ئالىي ھىممىتى بۇنىڭ بىلەن قانائەتلەنمىدى. ئۇنىڭ روشەن خاتىرىسىدىن ناھايىتى كاتتا بىر يىغىلىش ئۆتكۈزۈش پىكرى كەچتى. ئۇلۇغ ئەمىرلەر مۇراسىم ئۈچۈن كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلىدى. بۇ نەرسىلەر بىلەن بىللە يەنە ئىككى يۈز ئەللىك قوي، يەتمىش ئات ۋە ئۆكۈز سەرپ قىلدى. مەزكۇر ئاينىڭ 23 - كۈنى، يەنى پەيشەنبە (مىلادىيە 1501 - يىلى 14 - يانۋار) كۈنى ئۇلۇغ ماشايىخلار، ئالىي دەرىجىلىك سەئىدلەر، ئالىملار، پازىللار، ئۇلۇغلار، ئايانۇ ئەشرەپلەر[①]نى چوڭ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەيدانغا تەكلىپ قىلدى. سۇلتانى ساھىبقىرانمۇ شۇ يەرگە تەشرىپ بۇيرۇپ، يىغىلىشنى مۇنەۋۋەر قىلدى. مول - مول تائاملار تارتىلىپ قۇرئان ئوقۇلغاندىن كېيىن، ئالىي مەرتىۋىلىك پادىشاھنىڭ مۇلازىملىرى جەننەت باغچىسىدا ياتقان زات (نەۋائىي)نىڭ قېرىنداشلىرى، يېقىن دوستلىرى ۋە خادىملىرىغا قىممەت باھالىق كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ، ئۇلارنى ھازىدارلىق لىباسىدىن ئازاد قىلدى (قارىسىنى سۇندۇردى). كېيىن ئۇلارنى ساھىبقىران ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرىپ، پادىشاھانە ئىلتىپاتلار ۋە شاھانە ئىنايەتلەر بىلەن ئۈمىدۋار قىلدى. ئىززەت ۋە بۈيۈكلۈك تايانچىنىڭ ۋاپاتىدىن قىرىق كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ يەنە بىر مەرىكە ئۆتكۈزۈشنى خىيال قىلدى. ئەمىر كامالىددىن سۇلتان ھۇسەيىن ۋە خوجا جالالىددىن مۇھەممەد بۇ ئىشنى باشقۇرۇشقا كىرىشىپ، يۈزگە يېقىن قوي، ئىككى توققۇز ئات سويدۇرۇپ، خىيالىغا نېمە كەلگەن بولسا، ئۇنىڭدىنمۇ زىيادىرەك قىلىپ، ئالىي ھەزرەتنىڭ مۇبارەك مەنزىلگاھىدا تۈرلۈك - تۈمەن تائاملارنى ھازىرلىدى. رەجەپ ئېيىنىڭ 29 - كۈنى، يەنى پەيشەنبە كۈنى (مىلادىيە 1505 - يىلى 19 - فېۋرال) ۋاپادار ساھىبقىرانمۇ ئۇ جايغا تەشرىپ بۇيرۇدى. ئۇلۇغلار ۋە بۈيۈك زاتلار يەنە جەم بولدى. ئۇلۇغ ئەمىرلەر ئاش تارتىشقا كىرىشىپ، قېرىلار قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇشقا كىرىشتى. شۇ چاغدا زامانىسىنىڭ خەدىچىسى مەھدى ئۇليانىڭ مۇلازىملىرى مۇسىبەت ئەھلىگە قىممەت باھا كىيىملەرنى كىيگۈزدى.

ئالىيجاناب مۇدەررىس پەسھىددىن مۇھەممەد نىزامى قىرىق يىل چامىسىدا ئالىي ھەزرەتنىڭ سۆھبىتىدە بولغان، ئۇل ھەزرەت كۆپىنچە رەسمىي دەرس كىتابلىرىنى ئۇل جاناب ھۇزۇرىدا مۇتالىئە قىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى «ئاخۇن» دەپ ئاتار ئىدى. ئۇ ئۇشبۇ كاتتا ۋەقەنىڭ تارىخى توغرىسىدا:

① ئايانۇ - ئەشرەپ — يۇرت مۆتىۋەرلىرى، ئەمەلدارلار.

زامانىنىڭ نۇرلۇق يۇلتۇزى ئالەمدىن كەتكەچ، «قۇتبى ئەقتاب بىرەپت»[①] ئۇنىڭغا تارىخ بولدى، دېگەندى.

ئالىي مەرتىۋىلىك ئەمىر كامالىددىن سۇلتان ھۇسەيىن ئول ھەزرەتنىڭ پەرزەنتى ئورنىدا ئىدى. ئۇ: «مەربىيەت ئىگىسى يەر يۈزىدىن كەتكەچ، مۇقەددەس جەننەتتە ھال ـ ئەھۋال ياخشىلاندى، ئۇ ھايات چېغىدا خەيرلىك ئىشلىرى ئارقىلىق كامالەت تاپقانلىقىدىن، ۋاپات بولۇش تارىخى (خەيرۇن كامالۇھۇ)[②] بولدى» دەپ يازغانىدى.

پاساھەت ئىگىسى ۋە بالاغەت مەنبەسى بولمىش جاناب مەۋلانا پەسھەددىن ساھىبدارا مىجەزىنىڭ نازۇكلۇقى بىلەن ئول ھەزرەتنىڭ مۇلازىملىرى ئىچىدە باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مۇستەسنالىق شەرىپىگە ئىگە ئىدى. ئۇ ئەپسۇسكى ئاسماندەك بۈيۈك ئەمىرنىڭ ئۆمۈر نىھالى يىلتىزى بىلەن يىقىلدى. ئۇنىڭ ماتەمىدە كۆزلەر قان تۆككەنلىكى ئۈچۈن، «خۇنرېزى دىيدە»[③] ئۇنىڭ ۋاپات بولۇش ۋاقتى بولدى، دەپ تارىخ يازدى.

قورداشلىرى ئارىسىدا ئول ھەزرەتكە ناھايىتى يېقىنلىقى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان تېۋىپلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى مەۋلانا دەرۋىش ئەلى نەۋائىينىڭ ۋاپات بولۇش تارىخىنى: ئۇ ھەققە يېتىشكەنلەرنىڭ پېشۋايىنىڭ ماتەمى بىلەن شاھتىن تارتىپ گادايغىچە بارلىق زامان ئوغۇللىرى ھەسرەت چەكتىلەر. ئول خەلق سەيدى پەيغەمبەرنىڭ ھۇزۇرىغا ھىجرەت قىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ۋاپات بولۇش تارىخى «ھىجرەت بەرەسسۇل»[④] بولدى، دەپ يازدى.

مەخپىي قالمىسۇنكى، بەدۆلەت ئالىي ھەزرەتنىڭ ۋاپات بولۇش تارىخى ۋە مەرسىيەسى ھەققىدە زامان شائىرلىرى ۋە پازىللىرى تەرىپىدىن ناھايىتى كۆپ قىتئە ۋە قەسىدىلەر يېزىلغان. ئەمما، پەقىر گەپنىڭ ئۇزىراپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇلاردىن پەقەت يۇقىرىدىكىلەرنىلا كەلتۈرۈش بىلەن كۇپايىلىنىپ، كىتابنى قىسقارتتىم.

**بۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشتا ئاساسلانغان ماتېرىيال مەنبەلىرى:**

1. «نەۋائىي، زاماندىشلىرى خاتىرىسىدە»، تاشكەنت، غاپۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.
2. بۆرىباي ئەھمېدوف: «تارىختىن ساۋاقلار»، تاشكەنت، ئوقۇتقۇچى نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى.
3. «مەكارىمۇل ـ ئەخلاق»، سالىھ مۇتەللىپوف نەشرگە تەييارلىغان. تاشكەنت پەن نەشرىياتى، 1941 ـ يىلى نەشرى.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى قاراقاش ناھىيەلىك تۆۋەت ئوتتۇرا مەكتەپتە)

① «قۇتبى ئەقتاب بىرەپت» سۆزلىرى ئەبجەد ھېسابى بولۇپ، ھىجرىيە 906 ـ (مىلادىيە 1501) يىلىغا تەڭ.
② ئەبجەد ھېسابى بويىچە ھىجرىيە 906 ـ (مىلادىيە 1501) يىلىغا تەڭ.
③ ئەبجەد ھېسابى بويىچە ھىجرىيە 906 ـ (مىلادىيە 1501) يىلىغا تەڭ.
④ ئەبجەد ھېسابى بويىچە ھىجرىيە 906 ـ (مىلادىيە 1501) يىلىغا تەڭ.

ھەيرەتتى

# دىۋانى ھەيرەتتى*

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىمىن تۆمۈر

ئاھكىم غەم لەشكەرى كۆڭلۈمنى بىريان ئەتتى، ئاھ.
سىبزغۇرۇب سەبر ئۇتىدا باغرىمنى بىريان ئەتتى، ئاھ.

دەرد ئىچىمگە تولغانىدىن يانادۇرمەن ئاشكار،
شەمئ ياڭلىغ كېچەلەر شەۋقىدە بىريان ئەتتى، ئاھ.

گەنج ياڭلىغ دەردنى كۆڭلۈمدە پىنھان ساقلادىم،
شۇئلەدەك ئالەم ئارا ھالىمنى ئەئيان ئەتتى، ئاھ.

ئوت تۇتاشتى جىسمىما جانىم داغى ئەندۇھىدىن،
ئۆرتەدى كۆڭلۈم ئۆيىنى يەرگە يەكسان ئەتتى، ئاھ.

گاھى ساۋۇردى ۋۇجۇدۇم خىرمەنىن سامان ئېتىپ،
فارىغ ئەيلەپ دانەئى تەقدىم نەمايان ئەتتى، ئاھ.

مەن دېدىم: تەسكىن ئېتەر كۆڭلۈم ئوتىنى ئاھ ئىلە،
ۋەھ نېتەيكىم، ھەيرەتىي، ئىشق ئوتى جەۋلان ئەتتى، ئاھ.

*　　　*

ھەركىمكى جەھان ئارا جۇملە ئىشى خۇدا بىلە،
يەتكۇسىدۇر خاسىدىن فەيز گەر ھۇدا بىلە.

---

* بېشى ئۈزۈكەن ساندا.

رازىق مەدرا ھاجەتىن ئەيلەگەي رەۋا،
سەبرۇ قەنائەت ئەيلەسە قىسمەتىغە رىزا بىلە.

تەگرى تەراۋەت بار ئۈچۈن قەددىغە قىسقا يا ئۇزۇن،
ئۆكسۈك ئېرۇرمۇ يا ئۇزۇن خىلقەتى ئىتتىھا بىلەن.

ئەقل بار دېمەس كۆڭۈل بولمىسا نۇرى مەئرىفەت،
تۇغماسا كۈن قارا كېچە تۈن چىداماس سىما بىلە.

ھەيبۇ مۇقەددەس ئىلە فەلەسقى قالدى مۇبتەلا،
يوق ئىشى فەخر نازىشى مەقسۇدى مىنھا بىلە.

نېچۈك سادەنى خەبەر تاپسا بۇ ھالدىن ئەسەر،
رەفئ ئېتەر ئىسمى رەسمىنى بەستى مۇبتەلا بىلە.

مەقسۇدى رەفىق بولماغىل بىھۇدە قىلما ئۇمر سەرف،
فىئلىنى ھەرفى ئەمەلۇ زەن قىلۇر ھەرا بىلە.

ئاياتى كۇفرنى ھەم يادىمغە نەئدى رەھنەما،
مەئنىئى شەرھى مۇنىر ئۈچۈن يوندى قەلەم رىيا بىلە.

تەركى يولدا، ھەيرەتىي، تۇتغاسەن دامەنى رەسۇل،
يوق ئىشى دەۋزەخ ئەھلىنىڭ ئۇممەتى مۇستەفا بىلە.

* *

خىزمەتى جانان قىلاي تا تەندە جانىم بارىچە،
قۇللۇغىدا تىنمايىن تابى تەۋانىم بارىچە.

ئىشق يولىدا تىلەرمەن ئىستىقامەت ئۆلگۈچە،
قان يۇتارمەن جان چېكىپ باغرىمدا جانىم بارىچە.

گۇلئۇزارىم بىر كۈنى قىلغايمۇ دەپ ئاندىن گۇزەر،
ئۇندۇرۇپ مەن لالەزار ئەشكى رەۋانىم بارىچە.

كۆيىدا ئىتلار تالاشى ئېچرە ئۆلسەم كاشكى،
سورماغاي ئىسىنشگە مەغزى ئۇستىخانىم بارىچە.

ھەشر كۈندىن ھەم ئۇزۇنراق كۈن تىلەرمەن ۋەسلىنى،
ئەيلەسەم تەقرىر ئاڭا ئەرزى بەھانىم بارىچە.

دەۋزەخى فۇرقەت ئەزابى شىددەتىدىن ئايتادۇر،
ئىڭرانۇرمەن قۇۋۋەتى ئاھۇ فىغانىم بارىچە.

ھەيرەتىي شىرىن دەھانىم ۋەسفىدىن ئەيلەرمە فاش،
تا زەبانىم شەككەرى لۇتفى بەيانىم بارىچە.

* *

جەمالىڭ زاھىر ئولماي ئىشق پەيدا بولمادى،
ھېچ گۈلغا ئەندەلىبى زار شەيدا بولمادى.

لەيلىيۇ شىرىنۇ ئۇزرا زاھىر ئولماي، سىررى ئىشق
ۋامىقۇ فەرھادۇ مەجنۇندىن ھۇۋەيدا بولمادى.

تا مۇھەببەت نۇرىدىن بىر لەمئەئى كۆرگۈزمەدى،
مەستۇ مۇستەغرەق بولۇپ نۇرى تەجەللا بولمادى.

ئافتابى ئىشقدىن كىم تاپماغۇنچە بىر نەزەر،
تاپىشىپ لەئلى بەدەخشانىنىڭكى خارا بولمادى.

كىم رىيازەت ئۇتى بىرلە كېچەلەر ئۆرتەنمەدى،
شەمئ ياڭلىغ نۇر بەخشۇ مەجلىس ئارا بولمادى.

تا سەدەف ئاغزىن يۇمۇپ ئازغا قەنائەت قىلمادى،
قەترەئى باران ئىچىدە دۇررى يەكتا بولمادى.

ھەيرەتىي ھەركىم ۋۇجۇد ئەسبابىدىن ئايرىلمادى،
ئاسمانى مەئرىفەت ئۇزرە مۇھەييا بولمادى.

* *

ھېچكىم ئۆز ئېلىدىن ئالەمغە رەھبەر بولمادى،
جىبرىئىل كەلگەنىدە پەيغامغا رەھبەر بولمادى.

دانەئى دېھقانى كامىل مەرزەئىدە تىكمەدى،
ئۆزلۈكىدىن سىرە پاكىز گەۋھەر بولمادى.

تاكى شەككەر رىز ئۈچۈن بولماي لەبى خۇنى جىگەر،
ھېچ جەلۋايى كەمىن ئۇستادى لەشكەر بولمادى.

كىم غەرىب شامىدا فۇرقەت بولمادى خۇرشىدى زار،
پادىشاھى جامىدادى مۇلكى خاۋەر بولمادى.

ھېچ مەللاھى ئەرىقلەر ئىچرە قىلماي ئاشنا،
بىر يولى دەرياغا غەۋۋاسى شىناۋەر بولمادى.

بىخىرەدلەر سۆھبەتىدە ھەيرەتىي ئولتۇر خىمۇش،
دەھر ئارا دانا سۆزى نادانغا باۋەر بولمادى.

*　　　*

دىلبەر تىلەگەن ئول بۇتى ئەييارنى كۆردى،
جان قىلدى تەلەب غەمزەئى خۇنخارنى كۆردى.

ساقى تىلەگەن جامى مۇھەببەتكە خەرىدار،
چۈست ئولدىيۇ زەۋقىدە مەيخارنى كۆردى.

پەررەندە قىلۇر سۆھبەتى خۇرشىدى تەمەننا،
..............................................

فىكرەت قەتەرات ئېلىدۇر شۇئىلەدىن ئەلبەتتە پەراسەت،
ھەر شىشە شىكەست ئولدى مەگەر چارەنى كۆردى.

قۇدرەت سىفەتى لازىمەسى ئەجزى نەۋائىي،
ئول چارە قىلۇر قايداكى بىچارەنى كۆردى.

كەشف ئولمادى ئەھكامى ئەزەل ھىكمەت ئېلىگە،
كۆك پەردەسىدىن نەچە بەچچەكى بىچارەنى كۆردى.

دەردىڭدە، ۋا ھەسرەتاكى، ئىشق تەبىبى
مەرھەم قويادۇر ھەر نىچەكىم يارەنى كۆردى.

* *

مۇسا دېمەگىل تۇر ئۆزە دىيدارنى كۆردى،
كىشى ئۆزىدىن مەتلەئى ئەنۋارنى كۆردى.

مەنسۇر ئەنەلھەق مەيدىن مەستى تەجەللى،
كۆرمەسدىن بۇرۇن دارنىيۇ دىلدارنى كۆردى.

ئالەمغە نەزەر ئەيلەدى چۇن ئارىفى ھۇشيارلار،
باتىن كۆزىدىن قۇدرەتى جەببارنى كۆردى.

بىدار ئېرۇر خەستەلەر ئەھۋالىدىن ئاگاھ،
ھەر خەستە قاچان دىيدەئى بىدارنى كۆردى.

بىرئىشۋە بىلەن كىزلەدى ئول ماھ يۈزىنى،
ھەرقايدا ئەگەر ھەيرەتىئى زارنى كۆردى.

* *

مەن دېدىم: ئۆلتۇردى ئىشقىڭ، دوستى جانىڭ، مەن دېدى،
مەن دېدىم: ئۆرتەندى كۆڭلۈم، ئاستانىڭ مەن، دېدى.

مەن دېدىم: غەم تىغىدىن تەگدى يۈرەككە پارەلەر،
قويغالى مەرھەم تەبىبى مېھرىبانىڭ مەن، دېدى.

مەن دېدىم: يولۇڭدا خارى، كۆزلەرىمدىن خۇنبىيار،
سايە پەرۋەر سەبزى خۇررەم بوستانىڭ مەن، دېدى.

مەن دېدىم: بىگانەلەرغە ئاشنالىق قىلماغىل،
سايەۋەر بىگانەئى پاكى نىھانىڭ مەن، دېدى.

مەن دېدىم: قالدى قۇرۇغ جىسمىم مەلاھەت دەشتىدە،
ھەيرەتىي غەم يېمەگىل ئەبرى پىشانىڭ مەن، دېدى.

* *

چۇن زەررە زەررە يەكسان جەمئ بولۇر پەرىشان،
مەششاتە ھەر زەمانى زۇلفىن شىكەنگە سالدى.

دىلبەر مېھنەتى غەمگىن كۆڭۈلگە سالدى بىردىن،
ئول قادىر يەك جەھاننى مىسكىن بەدەنگە سالدى.

نۇرى مۇھەممەدىنى ئادەمغە ئەرز قىلدى،
زۇلمەتدە ئابى ھەيۋان دۇرنى ئەدەنگە سالدى.

بۇلبۇلغا داغى فۇرقەت يەتتى خەزان يەلىدىن،
بادى بەھار كەلدى گۈلنى چەمەنگە سالدى.

بۇيى لەتىف مەئنىن سۆز گۈلشەنىغە بەردى،
ئىزدەرسە مۇشكى ئاھۇ مۇلكى خوتەنگە سالدى.

زۇلفىئى دەيجۇرىينىڭ تابىنى كۆردى ھەيرەت،
ئۆز ئىختىيارى بىرلە بوينىن كۈگەنگە سالدى.

## رۇبائىيلار

بەندەڭدۇرمەن دەيدۇرمەن ئۆزۈمنى، يا رەب،
تىكتىم كەرەمىڭ سارى كۆزۈمنى، يا رەب.
تىل تۆھپەسىدۇرۇر ساڭا ھەمدۇسەنا،
لۇتفۇڭ بىلە قىلما رەد سۆزۈمنى، يا رەب.

* *

تەڭرىگە تىلىم تۆھفەسى تەسبىھى قۇنۇت،
جان خىزمەتىدۇر كۆڭلىگە تەسدىقى بۇيۇت.
ھەيۋ ھەمدۇۋۇ غەيرى كۆڭۈل سىمۇت،
نەردا ئەھەد ۋەما سىماۋۇ سەيەقۇت.

سابىت قەدەم ئول يۈگۈرمە ھەر سارى ئەت،
پاك ئەيلە كۆڭۈل كەئبەسىدىن تاشلا ھىكمەت.
قىل تەركى ۋۇجۇد مىسرىنى يۇسۇفۋار،
زىندانى تەبىئەت ئارا كۆپ بولما لەت.

* *

جەننەتدە نەسىب بولغاي ھەر كىمگە دەرەخ،
دەر ئاھ ھەيب بىلە كۆڭلىگە فەرەخ.

كۆز يۇما جەھان فانىدىن قىلا ئۆبۇر،
ۋادەئى مەشھۇدە قەتئىدە يوقدۇر فەرەخ.

ھەقدىن تىلەگىل ھەۋالىج ئەھلى سەلاھ،
كىم ۋەئدە سەلاھ ئەلگەدۇر دەۋرى فەلاھ.
شەيتانى رەجىم ھۇجۇمىغا قىلما رۇجۇم،
كىنۇ ھەسەدۇ غەزەبكەدۇر نۇرى فەلاھ.

*　　　　*

خۇررەم ئېلىگەدۇر كۆڭۈل جەھان ئىچرە فەراخ،
كەم بولمادى ئۇي بۇ دەير ئارا ئەتمەدى كاخ.
ھەيۋان سىفەتىكى ئىككى دۇنيانى تىلەر،
ئەيلەر ئۆزىنى ھەقىقەت ئەھلىگە دۇ شاخ.

*　　　　*

دەۋلەت ئاڭادۇر زەمانە ئېلىگە مەدەد،
كىم ئەيلەسە نەچچە مال دۇنياغا ئەدەد.
سەيد ئولدى جەھان ئەھلى تەمەئ رىشتەسىگە،
مەشغۇل ئېرۇر بىر نەچچە دامى بىلەد.

*　　　　*

نەيلەيكى، ئىھاتە قىلدى نەچچە ئالەمىن،
تۇتتى مېنى تا دېگۈنچە ھۇتتى كەلەمەن.
ئىشق ئايتادۇر رۇد بىلە جانىڭنى ئالامەن،
غەم بىلە فىراق ئوتى ئىچىگە سالامەن.

*　　　　*

ۋەھكىم نە قىلاي تۇتاشتى كۆڭلۈمگە ئالۇر،
خەممار قىزى خۇرەم ئېتىپ قىلدى چەلۇر.
تۇتى بىلە نۇسخە سەججادە گەرەۋ،
مەي قەرزى ئۈچۈن قىلىپ مەلالى بۇدۇر.

*　　　　*

ھەرچەند ۋۇجۇد بەھرىدە غەرقى گۇناھ،
بولغان بۇ زەئىف خەستەنىڭ ھالى تەباھ.

ئاجىزلىقىم شىكەستەلىكىمگە گۇۋاھ،
لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ.

* *

يا رەب كى، قەبۇل ئەيلە دۇئايىمنى،
تەۋھىد ساڭا، قىل زىيادە غەرقانىمنى.
ئول كۇنكى مۇسافىر ئەيلەسەڭ خانەمنى،
جانىمغا رەفىق ئەيلە ئىمانىمنى.

* *

زەر جەمئ قىلىپ ھەرىس ئىلە ئۇگەرا،
بىر يىل تىلەسە خۇدا ئۇچۇن يەك تۇگەرا.
ئۇمرى نەقد تۇگەنسە ئاندىن غەمى يوق،
ئول قىسقۇدا كىم پۇلۇم مۇبادا تۇگەرا.

* *

پادشاھى ساڭا لايىق سىفەتى ئىززۇ جەلال،
كۇنھى زاتىڭغا سىنىڭ فەھمۇ خىرەد ئاجىز مەلال،
نۇرى ئەۋسافىڭە يوق زۇلماتۇ نۇقسانۇ زەۋال،
ھەيىۇ قەييۇمۇ ھەمىدۇ خالىقى بىشۇبھە مىسال،
بىرۇبارا قادىرا بىچۇن خۇدايى مۇتەئال.

ئەي ھەمە ئالەمۇ ئادەم مەلەكۇ ئەرزى سەما،
كەرەمىڭ پەرۋەرىشى بىرلە تاپىپ شەيئى سەما،
زاتى فاكىڭغە سىنىڭ يوق سىفەتى كەيفە كەما،
مەغفىرەت ۋادىسىدە ئەقىل كۇزى بولدى ئەما،
ۋەرنە ھەر نەقش ئىرۇر سۇرەتى نەققاشىڭا زال.

سانىئىكىم بىر ئاۋۇچ خاكنى ئىنسان ئەتكەن،
ئاڭا تاجى شەرەفى مەئرىفەت ئىھسان ئەتكەن،
ئۇلكى دۇشمەندۇر ئانىڭ ئاتىنى شەيتان ئەتكەن،
تا ئەبەد تەھقىق لەئنەت تىغىنى جەۋلان ئەتكەن،
كىبىردىن تۇشتى ئانىڭ گەردەنىگە تەۋقى ۋەبال.

قۇدرەتىڭ بىرلە فەلەك چەرخىنى گەردان ئەتتىڭ،
ئاندا كۆپ ھىكمەت ئەسرارىنى پىنھان ئەتتىڭ،
كۈندۈزى كۆكنى كەۋاكىب ئارا تابان ئەتتىڭ،
كېچەنىڭ شۇئلەسى ماھ دەرەخشان ئەتتىڭ،
ئەيلەدىڭ گاھ قەمەر گاھ تولۇن گاھ ھىلال.

ئەھەدا مەلەك قەۋمىگە سېنىڭ يوقدۇر شېرىك،
پادىشاھ ھاكىم ئاڭا ھاجەت ئەمەس قەۋمى چېرىك،
چەرخى گۇن گەردانىنى تۇتارسەن نې تانا نې كەبىرىك،
ھەرنەكىم بار نەئى جۇملە سەگ بىرلە تىرىك،
لۇتفى ئامىغدۇر ئىككى جەھان مالامال.

كىردىگارا، ئەلگە پادىشاھا، ئىززۇ جەل،
ناگەھان يەتسە ئۆلۈم تۇتسا ياقام دەستى ئەجەل،
نەقدى ئىمانغا شەيتان لەئىن بەرسە خەلەل،
مۇشكىلاتىمنى، خۇدايا، كەرەمىڭ قىلما ھەسەل،
سورسا ھالىم نې كېچەر گۆردە سوراغچىلار سوئال.

قادىرا، جۇملە ھاجەتنى رەۋا قىلغۇچى سەن،
بىرنى پادىشاھۇ بىرنى ھەم گەدا قىلغۇچى سەن،
غۇلفەت خەستەلەر دەردىگە دەۋا قىلغۇچى سەن،
خاھلاساڭ بارچەنى بىر يولى فەنا قىلغۇچى سەن،
ھۇكم فەرمانىڭە يوق چۇن جەرا جەڭگى جىدال.

يا رەب، ئول كۈنكى فەنا يولىغا ئەزم ئەتكۈمدۇر،
سەفەرىم بولمىسا مەنزىلگە نېچۈك يەتكۈمدۇر،
يول ئەگەر تاپماسام ئېشكىگە قاچان يەتكۈمدۇر،
خىزرى تەۋفىق رەفىق ئەيلەمەسەڭ تەتكۈمدۇر،
ۋەرنە ۋادىنى قەتئ ئەيلەمەكىم ئېرۇر مەھال.

يا رەب، ئەۋۋەل ئۆز ھالىما سەرگەشتە ھەيراندۇرمەن،
بەندەئى نەفسى ھەۋا تاجى شەيتاندۇرمەن،
مىھنەتۇ دەردۇ بەلا بىرلە فەرىشاندۇرمەن،
ھەيرەتى مىسكىن كۈلبەئى ئىھساندۇرمەن،
گىردىگارا، مېنى بۇ رەسۋا گىردابىدىن ئال.

* *

لەتافەت بوستانىنىڭ سەير ئېتەر ئول سىيمبەر تەنھا،
زۇھۇر ئەيلەر ھەمە ئايىنەلەردە جىلۋەگەر تەنھا،
قىلۇرلار كەئبەئى كۈيىغا ئاشىقلار گۇزەر تەنھا،
جەھاننى تەرك قىلدىم ئەيلەدىم ئۇمرۇم سەفەر تەنھا،
چۇ سىمۇرغىيكى پەرۋاز ئەيلەدىم بىبالۇ بەر تەنھا.

بۇ دۇنيا دەۋلەتى تەختى رەۋاجىن ئاررۇ قىلماي،
رەيى رۇمۇ خىتايى باج خىراجىن ئاررۇ قىلماي،
شەھى رۇيى زەمىننىڭ تەختى باجىن ئاررۇ قىلماي،
بىھىشت ئەيۋانىدا پەرىيۇ ھۇر ئاررۇ قىلماي،
گەدايى فەقر بولدۇم سەير ئېتەرمەن بەھرۇ بەر تەنھا.

غەرەز كەۋنى مەكاندىن ئىشق ئىدى بىكامۇ بىجەۋھەر،
ئەگەر پەرزانە بولساڭ ئەيلەگىل.................. باۋەر،
كىشى دەر «لائىلاھە» ھەرفى «ئىللەللاھە»، دېمەس كافەر،
مۇھەببەتدىن نەسىمى سۇبھى سادىق بۇيى گۇل ئەنبەر،
قانى بۇ بۇلبۇلى بىچارەدىن ئاھى سەھەر تەنھا.

ئايا، ئەي تالىبى سادىق، بۇدۇر ئەرزىم بەيان بىلگىل،
ئەرەنلەر ئالدىدا ئۆزنى چۇ تىفلى بىزەبان بىلگىل،
قارا تۇفراق ئۆزۈڭ، كامىلنى خۇرشىدى جەھان بىلگىل،
نەزەر تا قۇتبى ئالەم قىلماغۇنچە بىگۇمان بىلگىل،
نىچۇك ئالغاي جەۋاھىر بەھرىدىن ساھىب نەزەر تەنھا.

مەجازى شاھلار دەرۋازەسىنى باقماغىل زىنھار،
گەرەۋ ئارى فەناغا ياتغىلۇ ئويغانماغىل زىنھار،
بەلا دەشتى ئەگەرچە پۇر خەتەردۇر يانماغىل زىنھار،
جەفا يەتكەن بىلە مەردى خۇدادىن تانماغىل زىنھار،
قەدەم مەردانە قويى بۇ ۋادىغا چۇن شىرى نەر تەنھا.

بۇ كۈن مەخمۇر مەن پىرى مۇغان ئىشكىگە باش قويدۇم،
نە شەيخ ئالدىغا باردىم نە بەرەھمەن سۆزىگە تۇردۇم،

يولۇڭدا گەھ يىقىلدىم، گەھ يۈگۈردۈم، گاھ ئولتۇردۇم،
سېنى دەپ نازەنىن كۆرگۈنچە دەپ شۈكرىڭە تاپشۇردۇم،
مېنى مۇنداغ مۇسافىر ئەيلەنگەن دەرۋى قەمەر تەنھا.

سەدايى نالەدۇر رىشتى بەيابان ئىچرە زىرۇ بەم،
قانى مەجنۇنكى ۋەقتى ھال ئولۇپ رەقس ئەيلەگەي بىردەم،
زىھى تۇفانى ئەشكى مەۋجى دەريادىن ئەمەسدۇر كەم،
كۆڭۈل مەئمۇرەسىنى غارەت ئەيلەپدۇر سىفاھى غەم،
تەماشا قىل بۇ جەۋلانىمنى بىتىغۇ سۇپەر تەنھا.

تىلەرسەن، ھەيرەتىي، جان كۇلبەسىدە سۇھبەتى مەئشۇق،
كۆڭۈلنى ياردىن ئۈزگىل مۇبادا غەيرەتىي مەئشۇق،
ھەمىشە جانۇ دىل بىرلە سەھا تۇت خىزمەتى مەئشۇق،
مۇيەسسەر بولسا گەر مەھرۇم سەرايى خىلۋەتى مەئشۇق،
كى ئاندا غەير بىرلە كىرگەلى بولماس مەگەر تەنھا.

* *

كەلدىم ھەرىمى كويىڭا دارۇل ـ قەرار ئۇقىپ،
ئىھرام باغلادىم سىفەتى بىرۇ بار ئۇقىپ،
ۋەجەھتۇ ۋەجھىيە نۇكتەسىن ئاشكار ئۇقىپ،
باشىم قويايى قاشىڭغا كەلامى ئابدار ئۇقىپ،
قىلسام نەھۋدە يەتسە تەۋسەنى كەنار ئۇقىپ.

گۈلشەن سارىغا ئىشۋە بىلە ئەيلەسە خىرام،
ئافاق چېھرەسىدىن ئالىپ بۇردەئى زۇلام،
ئول شەمسى تەلئەتىگە ۋەننەجمىدۇر غۇلام،
سۇبھى ساچىلىڭ غەمى نۇر قىلدى ۋەقتى شام،
ۋەللەيلىنىڭ تەجەللىسىدىن ۋەننەھار ئۇقىپ.

شىرىن لەبىڭ لەتافەتىنى چۇنكى ئاڭلادىم،
ھەيۋان سۇنى بىجام سۇنى بىجام سەفالىغا ئالمادىم،
رەفتارە كۆرگەچ ئول شەھى باغ ئىچرە تاڭلادىم،

مۇندىن قەدىڭغە سۇرەئى ۋەننەجمى باغلادىم،
ئادابى قۇللۇغۇڭغا، شەھى كىردىگار، ئۇقىپ.

ئىشق ئوتىدىن زەررە ئالماي فۇرۇغ رەقىب،
ئەكمەي مۇھەببەتىڭ سۇيى بىرلە ئۇرۇغ رەقىب،
ئۇلفەت شەرابى زەۋقىدە قىلماي سورۇغ رەقىب،
مەستانە سەجدەنى كۆرەلمەي قۇرۇغ رەقىب،
لاتەقرەبۇس ـ سەلاتە ۋەئەنتۇم ئاشكار ئۇقىپ.

بۇيى ۋەفا نەسىمى بەقا گۇلشەنى جەھان،
ئەنقايى كىمىيايى تەمەننايى ئىلاھان،
ئۆتتى بەھار، كەلدى يەنە مەۋسۇمى خەزان،
ئەي بۇلبۇلى سىتەم، رۇھ قەتل دەرد ئىلە فىغان،
ئۇمرۇڭ تۈگەندى ئاخىر قىسسەئى فەسلى بەھار ئۇقىپ.

ھەيرەتىي ئەگەر تىلەر ئەرسەڭ فەناغا تۇر،
ئۆزلۈك دىيارىدىن سەفەر ئەيلەپ كۆڭۇل كۆتۈر،
ئايىنە قانچە سافدۇرۇر دىيدار كۆرسەتۇر،
گەر ئايەتى جەمال تىلەرسەن بار ئۆرگەتۇر،
مەشرەب دىگەنگە يىغلايۇ ھەم زار زار ئۇقىپ.

* *

ئۇمر ئۆتەر ئەي نازەنىنىم داستان بولماق كېرەك،
تا تىرىگسەن ياخشىلارغا ھەم زەبان بولماق كېرەك،
لۇتف ئېتىپ كۆڭلۇم ئۆيىگە مىھمان بولماق كېرەك،
دەم غەنىيمەتدۇر نىگارىم قۇردان بولماق كېرەك،
بىر بىرىگە مۇشفىقۇ ھەم مىھرىبان بولماق كېرەك.

گەرچە ئىشرەت جامىدۇر تۇتمايدۇر ساقىي بىزگە مۇل،
بىر بىرىمىزگە يېتەرمۇ، نە كېرەك ئەمۋالى پۇل،
بىۋەفالىق قىلما، يارىم، مەن ساڭا ئۆلگۈچە قۇل،
بۇ جەھانىنىڭ گۇلشەنىدە بىز گۇلۇ بىز بەرگى گۇل،
ئايرىلىپ گۇل بەرگىدىن ئاخىر خەزان بولماق كېرەك.

ئۆزنى دۇنيا ھەرسىدىن يىغماق كېرەك، ئەي دوستلار،
ئەلگە ئىھسانۇ كەرەم قىلماق كېرەك، ئەي دوستلار،
ماۋۇمەن كاشانەسىن بۇزماق كېرەك، ئەي دوستلار،
پەردەئى بەندلەرىدىن چىقماق كېرەك، ئەي دوستلار،
پەردەئى تۇفراغىدىن ئاخىر نىھان بولماق كېرەك.

ئۆزمە يارىڭدىن كۆڭۈل سالغۇنچە ئۈلفەت كۆزىدىن،
نەچچە كۆپ مىھنەتكە جەبر ئەتكىل مۇھەببەت نۇرىدىن،
شۇم رەقىبى رۇ سىيەھ ھەرچەند ئايتۇر ئۆزىدىن،
ئاشىق ئەرسەڭ قاچماغىل ياخشى يامانىنىڭ سۆزىدىن،
چۇن ھەدەف تىيرى مەلامەتكە نىشان بولماق كېرەك.

لۇتف ئېتىپ رەھم ئەيلەگىل دەردىمنى بىلگەندىن كېيىن،
تىرگوزۇپ بولماس يەنە ئاشىقنى ئۆلگەندىن كېيىن،
تىغى ئىستىغنا بىلە باغرىمنى تىلغاندىن كېيىن،
دەردمەند بولماق كېرەك بۇ يولغا كىرگەندىن كېيىن،
ھەر كىشى ھەرنە دېسە يولغا رەۋان بولماق كېرەك.

ھەيرەتىي قىلدى نەسىھەت ئۇشبۇ دەۋرى خۇشخىرام،
بىر كۆڭۈل مۇلكىنى ئالماق پادشاھلىقدۇر تەمام،
ئۆلگۈلۈكدۇر ئاقىبەت ئۇشبۇ جەھاندا خاسۇ ئام،
ئەي ۋەفايى ياخشى بولغىل بارچە ئەل بىرلە مۇدام،
ئۇشبۇ بەش كۈن دۇنيادا نېگە يامان بولماق كېرەك.

* *

دىلبەرىم ئەرزىمنى ئايتاي نالەۋۇ ئەفغان بىلە،
دەردى ئىشق ئولماس نىھان ھەرنېچە ياشۇرغان بىلە،
بىر كۆرۈپ ئۆلسەم بەجادۇر بارغانىم ئىمان بىلە،
ھەزرەتىڭدىن ئىلتىفات ئول غۇنچەئى خەندان بىلە،
مەن قۇلۇڭدىن ئىئتىقاد بۇ دىيدەئى گىريان بىلە.

كۆرمەدىم سەندەك نىگارا بىرگىنە لۇتفى ئېلىم،
چۇغز ياڭلىغ گۇشەئى ۋەيرانە بولدى مەنزىلىم،

ئاھ كىم ئىشقىڭدە ھەر دەم ئۆرتەنۇر جانىم دىلىم،
ئىئتىقادىم ئانچە باركىم ئەرز ئېتەرگە يوق تىلىم،
نەچچە يىلدۇر سىزگە ئاشىق بولدى كۆڭلۈم جان بىلە.

ۋەقت ئولدۇركىم مېنىڭ رەسۋالىقىم فەھم ئەيلەسەڭ،
ئوتلۇغ ئاھىم كېچەلەر تەئسىرىدىن ۋەھم ئەيلەسەڭ،
بىنەۋادۇرمەن نە بولدى بىرگىنە رەھم ئەيلەسەڭ،
غەمزە تىغىدىن يۈرەكىنىڭ تېگىنى زەخم ئەيلەسەڭ،
جان چىقار ھالەتكە يەتتى سەندىن ئايرىلغان بىلە.

تا سېنى كۆرمەي، نىگارا، چىققۇدەك ھەيرەتتىي جان،
گۈل يۈزۈڭ ئىشقىدا جانىم رەنگى بولدى زەئفەران،
مەن گەدا ئەھۋالىغا رەھم ئەيلە، ئەي شاھى جەھان،
پادىشاھلىقىقا زەرەر قىلماس بۇ ھۆسنۈڭگە زان،
ھەمنىشىن بولساڭ مېنىڭدەك ئاشىقى ھەيران بىلە.

* *

ناگەھان ئۇچرادى بىر دىلبەرى جانانەگىنە،
سەرۋى قەد ھۆر سىفەت كۆزلەرى مەستانەگىنە،
سۆزى شىرىن لەبى شەككەر تىشى دۇردانەگىنە،
تۇرفە بىر شوخ جەفا پىشەۋۇ رىندانەگىنە،
ئاھ كىم قىلدى نېتەي بىر يولى دىۋانەگىنە.

ئىشقىدا بەسكى سەراسىمەۋۇ ھەيران ئولدۇم،
خانۇمان تەركىن ئېتىپ بىسەرۋى سامان ئولدۇم،
فۇرقەت ئوتىدا كۆيۈپ يەر بىلە يەكسان ئولدۇم،
ئاقىبەت خەلق ئارا سەرگەشتەۋۇ ھەيران ئولدۇم،
ئىزدەدىم ئەمدى ۋەتەن گۇشەئى ۋەيرانەگىنە.

تا ئەدەم مەسكەنىدىن گۈلشەنى دۇنيا كەلدىم،
قامەتىم نەخلىنى ئەيلەرگە تەماشا كەلدىم،
خۇبلار مەجلىسىغە ئاشىقى شەيدا كەلدىم،

گۈل يۈزۈڭ يادىدا چۈن بۇلبۇلى گويا كەلدىم،
شەمئى رۇخسارىڭغا مەن بولغالى پەرۋانەگىنە.

دىلبەرىم بىزلەگە يار ئولغالى ئار ئەيلەر ئىكەن،
سەگ سىفەت ئىشكىنى كۆر ساقلاسە خار ئەيلەر ئىكەن،
فۇرقەت ئوتى بىلە باغرىمنى كەباب ئەيلەر ئىكەن،
ئاقىبەت ئۆزگەنى دەپ بىزلەنى خار ئەيلەر ئىكەن،
نې ئۇچۇن قىلغان ئاڭا ئىشقىدا ئەفسانەگىنە.

تاكى بىر ئىشۋە بىلە ئالدىلا كۆڭلۈمنى ئۇتۇپ،
نەچچە يىلدۇركى يۈرۈپ ئىشقىدا خۇنابە يۇتۇپ،
گەھ ئۆلۈپ، گەھ تىرىلىپ، گاھى ئۆزۈمنى ئۇنۇتۇپ،
گاھى كۆڭلۈمنى ئۇتۇپ يادىدا ھەنگامە تۇتۇپ،
بولدۇم ئاخىر ھەمەدىن بىر يولى بىگانەگىنە.

خۇبلار كۆڭلىدە بىر زەررە ۋەفا بولغايمۇ؟
ئىشق دەردىغە بۇ ئالەمدە دەۋا بولغايمۇ؟
نالەلەر قىلسام ئەشكىڭدە رەۋا بولغايمۇ؟
ھاجەتى ئاشىقى دىلخەستە رەۋا بولغايمۇ؟
مەيى ۋەسلىدىن ئاياق ئىچكالى بىر قانەگىنە.

مېنى ئۆلتۈرگەلى ئەغيار شىتاب ئەتكەن ئۈچۈن،
يار بىداد قىلىپ نازۇ ئىتاب ئەتكەن ئۈچۈن،
غەم تونۇرىغا سالىپ كۆلۈ كەباب ئەتكەن ئۈچۈن،
ئىشق دەردى مېنى بىسيار خەراب ئەتكەن ئۈچۈن،
ھەيرەتىي شىئىر ئايتۇر ساددەئى تۈركانەگىنە.

*

ئىش ئۇلۇغدۇر، شاھ ئۇلۇغ، دەرگاھ ئۇلۇغ،
بۇ ئىشكىدە ئۆزنى كەم تۇتماق كېرەك.

سەبزنى كۆز ياشى بىرلە ئۇندۇرۇپ،
تۇھفەئى ئەشكى ئەدەم تۇتماق كېرەك.

*

گەۋھەرى مەقسۇد قولۇڭغا كىرگۈچە،
قان يۇتۇپ جان بىرلە دەم تۇتماق كېرەك.

تا قەدەم قويماق جەھاننىڭ فىرقىغە،
بەكىتىپ راھى ئەدەم تۇتماق كېرەك.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب

* * *

باغ ئارا بىر دەرەخت يافراغى،
سەبز ئولۇر تازە ئۆرلەگەن چاغى.

هۇشمەند گەر ئەيلەسە نەزەرى،
قىلسا ئىبرەت كۆزى بىلە نەزەرى.

مەزهەرىيدۇر هەمە خۇدا سىفەتى،
سەربەسەر كىردىگار مەئرىفەتى.

هاسىل ئولغاي بەدىدەئى ئىرفان،
مەئنى كۇللۇ مىن ئەلەيها فان.

هەيرەتىي بۇدۇرۇر كەمالى سۇلۇك،
خاھ مەملۇك بولسا خاھ مۇلۇك.

هەرنەكىم ئەيلەسە بەهۇش نەزەر،
بارچەدىن ئول ئەۋۋەل خۇداغا يېتەر.

ئاهكى ئۇمر ئوتتى هەمە رايىگان،
قىلمادىم ئىش هەق يولىدا رايىگان.

كەچتى بەستى رەنجى مەلامەت بىلە،
قالغالى سەرف ئولدى نەدامەت بىلە.

كېچەلەر غەفلەت مەيىدىن مەست ئولۇپ،
كۇندۇزى فىسق ئەهلىغە هەمدەست ئولۇپ.

ئۇيقۇ بىلە كېچەلەر زايىئ كېچىپ،
ئەشكى نەدامەت سۇيى كۆزدىن ئاقىپ.

نەفسۇ هەۋا ئېلكىدە شامۇ سەهەر،
فەقرۇ فەنا ئالەمىدە بىخەبەر.

لەهۋۇ تەرەب بىرلە كېچىپ سالۇ ماھ،
هەر دەم ئىچىپ بادەئى جۇرمۇ گۇناھ.

ئۆتكەرىپ ئەۋقات ئىلە سائەتنى،
تەرك ئېتىپ ئول تەڭرىگە تائەتنى.

هەر نەفەس هەق يادى بىلە بولمايىن،
فاش ئېتىپ ئەمرى رىزا بولمايىن.

رەهزەن ئولۇپ غەفلەتۇ نادانلىقىم،
قىلمادى سۇد ئەمدى پۇشەيمانلىقىم.

ئۆلگۇچە بارىچەئى تىفلى بىلە،
مەشغۇل ئولۇپ رۇتبەئى سىفلى بىلە.

ئەردى يىگىرمە چۇ بەلاغەت چاغى،
ئۆتتى جەهالەت بىلە ئۆلۇم داغى.

دېدىلەر ئۆزىدە كەمال بىهىساب،
ئەيلەدىم ئەفئالى تەبەهكە شىتاب.

ئەمدىكى قىرق ئىچرە قىلىپمەن نۇزۇل،
هاسىلىم ئول نەۋئ غۇرۇى فۇزۇل.

قىرىق تاپاپ بىهۇدەۋۇ بىهۇسۇل،
تاپمايىن ئىسلاھ يولىغا ۋۇسۇل.

بىر نەچە تەهسىلى كەمالات ئۇچۇن،
كەسبى ئۇلۇم كەشف ئىلە هالات ئۇچۇن.

تەختەئى تەئلىم ئالىپ دەر كەنار،
بولمادى تەهقىق يولى ئاشكار.

ئىلمى تەسەررۇفدا قىلىپ ئىلمى سەرف،
قائىدە مەئنىدىن ئوقۇماقدۇر ھەرف.

مەنكى ھەممە ئۆمر تەباھ ئەيلەدىم،
جۇملە ئىبادەتنى گۇناھ ئەيلەدىم.

نەھۋدەكىم مەھۋئى خىيالات ئولۇپ،
بەھرە تەسۋىرى مەھالات ئولۇپ.

چوڭ تەھارەتكە قىلۇرمەن شۇرۇغ،
يا ئىش تۇتۇپ ھۆكمى رەسۇلى فۇرۇغ.

مەنتىقى تەسدىق تەسەۋۋۇر قىلىپ،
ھاسىلى بىدار تەھەۋۋۇر قىلىپ.

ۋەھكى نىچۇك ئولغۇسى كامىل ۋۇزۇ،
تەۋبە سۇيى بىرلەكى يوق شوستۇ شۇ.

ئىلمى ئەقايىد ئارا سۇردۇم كەلام،
ئىجمادى مەقسۇد يولىدىن زەلام.

دىمە نەمازىيكى سۇجۇد ئەتمەيىن،
سەجد ئارا تەركى ۋۇجۇد ئەتمەيىن.

زاھىر ئىتىپ ئۆزنى فەقاھەت بىلە،
ئىن ھەمەكىم جەھلى سەفاھەت بىلە.

قايسى نەمازىمغا قىلاي ئىئتىماد،
گەرچە نەماز ئولدى دىنىمغا ئىماد.

ئىلم ئوقۇپ ئانىڭ بىلە قىلماي ئەمەل،
بەلكى قىلىپ مايەئى ھىرسى ئەمەل.

ئەيلەمەدىم ئۆمرۈم ئىچرە بىر نەماز،
كىم بار ئىسە لايىقى دەرگاھى راز.

ئىلمنى سەرمايەئى ماھ ئەيلەبان،
كىبرۇ ھەسەد بىرلە تەباھ ئەيلەبان.

رۇزە ئىرۇر قۇۋۋەتى دىل، قۇتى رۇھ،
كۆڭلۈمە ھىچ فەيزدىن ئالماي فۇتۇھ.

ھىچ ئەمەل سىددىق ئىلە تاپماي ۋۇجۇد،
پوست ئەگەر بولماسا مەئنى نە سۇد.

ئاچلىق ئارا چۇن سەگى دەمدار ئولۇپ،
توق يىگەن ھالدا مۇردار ئولۇپ.

قىلمادىم ئىش ھەق يولىدا بىرىيا،
ياغ ئىلە سۇدىنمۇ تىلەرسەن زىيا.

نې قىلىبان ھەج ئاداۋۇ زەكات،
نې تاپىبان نەفس ئېلكىدىن نىجات.

ئىشكى ئىرۇر لايىقى پەرۋەردىگار،
ئولدى بەقا مۇلكىدەدۇر پايەدار.

ھەيرەتىي دىلخەستەئى ھەيرانۇ زار،
ۋادەئى ھەيرەتدە ئىرۇر ئىنتىزار.

خەلق قەبۇل ئەتمەك ئۈچۈن قىلغان ئىش،
سۇ ئۈزە دىۋارى بەقا بەرمەمىش.

رەھمەتىڭگا كۆز تۇتۇبان، ئەي رەھىم،
ئەنتە ۋەلى ئەنتە ئەلىيى ئەزىم.

تەممەتىل كىتاب بەئەۋنىل ـ مەلىكىل ـ ۋەھھاب، تارىخقا سىنە ھەزارسەد نوھتادۇ پەنج دەرسالى نە- ھەڭۇ سەپەر ئايىنىڭ ئون سەككىزى پەيشەنبە كۇنى تەمام بولغان. قاشتى مەۋزىئىدىكى خاكىسار موللا قۇربان ئىبنى موللا سالىنىڭ خەتى بۇ تۇرۇر.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى خوتەن ۋىلايەتلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتىدا ئىشلەيدۇ)

# دىلكۇشا ھېكايەتلەر

نەشرگە تەييارلىغۇچى: يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

بىر كىشىنىڭ ئوغلى قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپتىكەن، ئۇ كىشى قۇدۇققا ئېڭىشىپ:
— بالام، باشقا ياققا كېتىپ قالما جۇمۇ، ھازىرلا ئارقان تېپىپ كېلىپ، سېنى تارتىپ چىقىرىمەن، — دەپ توۋلاپتۇ.

* * *

بىر كىشى دوستىغا:
— بىر كۆزۈم ئاغرىۋاتىدۇ، قانداق قىلسام بولار؟ — دەپتىكەن، دوستى مۇنداق دەپتۇ:
— بۇلتۇر چىشىم ئاغرىغانىدى، يۇلدۇرۇپ قۇتۇلغانىدىم، سەنمۇ مەندەك قىلغىن.

* * *

بىر كىشى تېۋىپنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھال ئېيتىپتۇ.
— ساقىلىمنىڭ تۈكلىرى ئاغرىيدۇ، بىر ئىلاجىنى قىلغايسىز.
— نېمە يېگەنىدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ تېۋىپ.
— نان بىلەن مۇز يېگەنىدىم.
— ماڭ، ساقايماس كېسەلگە يولۇقۇپسەن، — دەپتۇ تېۋىپ، — يا كېسىلىڭ ئادەمنىڭ كېسىلىگە ئوخشىمايدۇ، يا يېگىنىڭ .

* * *

مىرشەبلەر كېچىسى بىر مەستنى تۇتۇۋاپتۇ - دە، ئۇنىڭغا:
— تۇر ئورنۇڭدىن، سېنى زىندانغا ئېلىپ بارىمىز! — دەپ ھەيۋە قىلىشىپتۇ.
— ئورنۇمدىن تۇرالىغان بولسام ئۆيۈمگە كەتمەسمىدىم، — دەپتۇ مەست.

* * *

بىر كۈنى سۇلتان مەھمۇد كىشىلەرگە تون كىيگۈزۈپتۇ، نۆۋەت تەلھەككە كەلگەندە:
— بۇنىڭغا توقۇم ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ، ئۇنىڭغا توقۇم ئېلىپ بېرىپتۇ. ئەتىسى ھەممەيلەن يېڭى تون كىيىپ سارايغا كىرىشىپتۇ. تەلھەك بولسا ھېلىقى توقۇمنى كىيىپ سۇلتان مەھمۇد ھۇزۇرىغا كىرىپتۇ.
— ئەي بۇيۇكلەر، — دەپتۇ تەلھەك، — سۇلتانىمىزنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن لۇتفۇ مەرھەمەتلىرى تەڭداشسىزدۇر. سىزلەرگە خەزىنىدىن تون ئېلىپ كىيگۈزگەن بولسا، ماڭا ئۆزى كىيىدىغان تونىنى ئىنئام قىلدى.

* * *

سەت بىر خوجىنىڭ ئۆيىنىڭدىنمۇ سەترەك بىر نائىبى بار ئىكەن. بىر كۈنى خىزمەتكار نائىبنىڭ قولىغا ئەينەك تۇتقۇزۇپتۇ. نائىب ئەينەككە قاراپ:

— تۇۋا، خۇدايىم بىزنى خۇشياقماي ياراتقانىكەن ـ دە، — دەپ ساپتۇ.

— ھەي قاپاقباش، — دەپتۇ خوجا، — ئەمىشقا بىزنى دەيسەن، مېنى دېسەڭ بولمامدۇ؟

نائىب ئەينەكنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ:

— خوجام، ئىشەنمىسىلە مانا، ئەينەككە قاراپ باقسىلا، — دەپتۇ.

* * *

بىر قىزىقچىنىڭ ئانىسى ئۈچ تال قورۇلغان بېلىقنى ئېلىپ كەپتۇ. قىزىقچى ئۆيدە يوق ئىكەن. ئانىسى:

— كېلىڭلار، ئۇ كەلگۈچە بۇلارنى يەۋېتەيلى، — دەپ، داستىخاننى سېلىپ تۇرۇشىغا، قىزىقچى كېلىپ ئىشىكنى قېقىپتۇ.

ئانىسى دەرھال ئىككى تال چوڭ بېلىقنى شىرە ئاستىغا يوشۇرۇپ، كىچىكىنى داستىخان ئۈستىگە قويۇپتۇ. قىزىقچى بۇ ئىشنى ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن كۆرۈپ قاپتۇ. ھەممەيلەن داستىخان ئەتراپىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئانىسى قىزىقچىدىن سوراپتۇ:

— يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغانمىدىڭ؟

— مانا بۇ بېلىقتىن سوراپ باقايلى، — قىزىقچى شۇنداق دەپ بېلىقنىڭ ئاغزىنى قۇلىقىغا يېقىپتۇ ۋە، — بۇ بېلىق ئۇ چاغدا مەن تېخى كىچىك ئىدىم، بۇ ئىشنى شىرە تېگىدە تۇرغان ئىككى تال چوڭ بېلىقتىن سوراڭ، شۇلار بىلىشىدۇ، دەۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

* * *

بىر كىشى باغدا ئايلىنىپ يۈرگەنىكەن، قارىسا، ئوغرى بىرمۇنچە پىيازنى يۇلۇپ خۇرجۇنىغا سېلىۋاپتۇ.

— بۇ باغدا نېمە قىلىپ يۈرسەن؟ — دەپتۇ باغ ئىگىسى ئوغرىدىن.

— كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىدىم، بوران چىقىپ مېنى ئۇچۇرۇپ مۇشۇ يەرگە تاشلىۋەتتى، — دەپتۇ ئوغرى.

— ئەمىشقا پىيازنى يۇلدۇڭ؟

— بوران يەنە ئۇچۇرۇپ كەتمىسۇن دەپ پىيازنىڭ غولىنى تۇتۇۋالغانىدىم، تېگى يۇمشاق ئىكەن، يىلتىزى بىلەن قومۇرۇلۇپ كەتتى.

— بۇ گېپىڭگىمۇ ئىشىنەي. قېنى ئېيتچۇ، پىيازلارنى خۇرجۇنغا كىم سالدى؟

— خۇدا ھەققى، مەنمۇ شۇنىڭغا ھەيران بولۇپ تۇرغانىدىم، سىلى كېلىپ قالدىلا.

* * *

بىر كىشى قەبرىستاندا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ناھايىتى ئۇزۇن بىر گۆرگە كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ ۋە بۇ گۆر كىمنىڭ بولىدۇ، دەپ سوراپتۇ.

— رەسۇل بايراقچىنىڭ گۆرى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇنىڭغا.
— مۇنداق دەڭ، بىچارىنى بايراق خادىسى بىلەن بىللە كۆمۈپتۇ - دە! — دەپتۇ ئۇ كىشى.

*　*　*

بىر ئادەم دوستىغا بىر ئىلتىماس بىلەن مۇراجىئەت قىلغانىكەن، دوستى ئىلتىماسىنى رەت قىلغانىنىڭ ئۈستىگە، ئۇنى يەنە بىرمۇنچە تىللاپتۇ.
— ئەي بۇرادەر، ئىلتىماسىمنى رەت قىلغىنىڭغۇ مەيلى، يەنە تىللىغىنىڭ نېمىسى؟ — دېسە، دوستى:
— سېنى قۇرۇق قول كەتمىسۇن دېدىم - دە! — دەپتۇ.

*　*　*

بىر ئەرەبنى تۆلكە چىشلىۋاپتۇ. كىشىلەر ئۇنى تېۋىپنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشىپتۇ.
تېۋىپ:
— نېمە چىشلىۋالدى؟ — دەپ سورىغانىكەن، ئۇ كىشى تۆلكە چىشلىۋالدى دېيىشتىن ئۇيىلىپ:
— ئىت چىشلىۋالدى، — دەپتۇ.
تېۋىپ مەلھەم تەييارلاشقا تۇتۇنغاندا، ھېلىقى ئەرەب:
— تەخسىر، تۆلكە چىشلىۋالغاندا سالىدىغان دورىدىنمۇ ئازراق سالسىلا، — دەپتۇ.

*　*　*

بىر ئوغرى تون ئوغرىلاپ بازارغا ساتقىلى ئېلىپ بارغانىكەن، يولدا ئوغرىنى قاراقچى سوقۇۋېتىپتۇ. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىرى ئۇنىڭدىن:
— توننى نەچچىگە ساتتىڭ؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئوغرى:
— ئۆز نەرخىگە، — دەپتۇ.

*　*　*

بىر كەمبەغەل كىشىنىڭ ئۆيىگە كېچىسى ئوغرى كىرىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۆي ئىگىسى ئويغىنىپ كېتىپ ئوغرىغا:
— ئەي بۇرادەر، سەن قاراڭغۇدا ئىزلەۋاتقان نەرسىنى بىز كۈندۈزدىمۇ قىدىرىپ تاپالمايۋاتىمىز، — دەپتۇ.

*　*　*

بىر پېخسىق كىشىنىڭ پىشۇرۇلغان توخۇ گۆشىنى ئۈچ كۈندىن بېرى داستىخانغا ئېلىپ يېمەستىن، يەنە ئېلىپ قويۇۋاتقىنىغا دىققەت قىلىپ تۇرغان بىر دانىشمەن دەپتۇ:
— بۇ ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ توخۇيىڭىزنىڭ ئۆمرى قورىكلىكىدىنمۇ ئۇزۇنراق بولىدىغان ئوخشايدۇ.

* * *

بىر كىشى دوستىدىن ئات سوراپ بارغانىكەن، دوستى:
— ئېتىم بارلىقى بار، لېكىن قارا رەڭدە، — دەپتۇ.
— ۋۇي، قارا ئاتنى مىنگىلى بولمامدىكەن، نېمىگە ئۇنداق دەيسەن؟ — دەپتۇ ئۇ كىشى.
— بەرگىم كەلمىگەندىن كېيىن، بىرەر باھانە تېپىشىم كېرەك - دە، تەخسىر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئاتنىڭ ئىگىسى.

* * *

كۇفە شەھرىدە پىخسىقلىقى بىلەن داڭقى ئالەمگە پۇر كەتكەن بىر باي ئۆتكەنىكەن.
بىر كىشى ئۇنىڭغا:
— بەسرە شەھرىدە ھېسابسىز مال - دۇنياسى بولغان بىر باي بار، ئەمما پىخسىقلىقتا سەن ئۇنىڭ قولىغا سۇمۇ قويۇپ بېرەلمەيسەن، — دەپتۇ.
كۇفەلىك پىخسىق بۇنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن تەلىم ئېلىش ئىشتىياقىدا يولغا چىقىپتۇ. ئۇ بەسرەگە بېرىپ، باينىڭ ئالدىغا كىرىپ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپتۇ.
بەسرەلىك پىخسىق ئۇنى مېھمان قىلماق بولۇپ:
— خۇش كەپسەن، سەن كەڭتاشا ئولتۇرۇپ دەم ئېلىپ تۇر، مەن بازارغا بېرىپ يېمەكلىك ئېلىپ كېلەي، — دەپ چىقىپ كېتىپتۇ.
بەسرەلىك پىخسىق ناۋاينىڭ ئالدىغا بېرىپ:
— ئوبدان نېنىڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— بۈگۈن شۇنداق مەززىلىك نان ياقتىمكى، قوي يېغىدىن قېلىشمايدۇ، — دەپتۇ ناۋاي.
— قوي يېغى ناندىن لەززەتلىك بولسا، شۇنىلا ئالاي، — دەپتۇ پىخسىق. ئۇ قاسساپنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ:
— ئېسىل قوي يېغىڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— بۈگۈن شۇنداق ئېسىل قوي يېغى سېتىۋالدىمكى، كۆرسەڭ، زەيتۇن يېغى ئىكەن دەيسەن، — دەپتۇ قاسساپ.
— زەيتۇن يېغى قوي يېغىدىن ياخشى بولسا، شۇنىڭ ئۆزىنىلا ئالامدىمەن، — پىخسىق شۇنداق دېگىنىچە ياغچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:
— زەيتۇن يېغىڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— شۇنداق ئېسىل زەيتۇن يېغىم باركى، سۈزۈكلۈكتە سۇدىن قېلىشمايدۇ، — دەپتۇ ياغچى.
— بىكارغا پۇل خەجلەپ نېمە قىلىمەن، ئۆيۈمدە ئىككى ئىدىش سۇ تۇرۇپتۇغۇ، — دەپ پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ ئۆيىگە يېنىپ كەپتۇ پىخسىق.
كۇفەلىك باي ئۇنى ساقلاپ تۇرغانىكەن، بەسرەلىك پىخسىق گەردى پىيالىنى سۇغا تولدۇرۇپ، مېھماننىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.
— ئەي بۇرادەر، سۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان لەززەتلىك نەرسە يوق ئىكەن، — دەپتۇ ۋە ناۋاي، قاسساپ، ياغچىنىڭ گەپلىرىنى كۇفەلىك پىخسىققا سۆزلەپ بېرىپتۇ.
كۇفەلىك پىخسىق بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ:

— مەن ساڭا قول قويدۇم، بۇ ئىشتا سەن ھەممە پىخسىقلارغا ئۇستاز بولالىغۇدەكسەن، — دەپتۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

* * *

مۇھەممەد بىننى مەھمۇدنىڭ «خەلقۇل ئىنسان، خۇلقۇل ئىنسان» دېگەن كىتابىدا شۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇچىغا چىققان خەسىس بىر كىشىنىڭ ناھايىتى سېخىي بىر قوشنىسى بار ئىكەن. بۇ خەسىس كىشى ھەر خىل يوللار بىلەن سېخىي قوشنىسىغا زىيانكەشلىك قىلىدىكەن ۋە غەيۋەت قىلىپ، ئۇنىڭ پېيىنى قىرقىش نىيىتىدە بولىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ بىر قول سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئوبدان بېقىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ھەددىدىن ئارتۇق لۇتف ـ مەرھەمەتلەر كۆرسىتىپتۇ. بىرنەچچە قېتىم قۇلىغا:

— مەن سېنى بىكارغا بېقىۋاتمايمەن، بىر ھاجىتىم بار، ۋاقتى ـ سائىتى كەلسە شۇنى بېجىرىسەن، — دەپتۇ.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كۈنى كېچىسى ئۇ قۇلنى ئۆگزىگە ئېلىپ چىقىپ ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:

— شۇنى بىلگىنكى، مەن بۇ قوشنامنىڭ دەستىدە جېنىمدىن جاق تويدۇم، بىرەر زىيان سالاي دېسەم، كۈچۈم يەتمەيدۇ. ھەسەتتىن نە كېچىسى، نە كۈندۈزى ھالاۋىتىم يوق، شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى سېنى بېقىپ كېلىۋاتقانلىقىمدىن مەقسىتىم شۇكى، سەن بۈگۈن كېچە مېنى قوشنامنىڭ ئۆگزىسىدە ئۆلتۈرۈپ، ئۆلۈكۈمنى ئۇنىڭ ھويلىسىغا تاشلىيسەن، تاڭ ئاتقاندا، جەسىتىمنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇنى قاتىللىقتا ئەيىبلەپ، قاماققا ئالىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى تالان ـ تاراج بولىدۇ. مەن سېنى ئازاد قىلىپ، قولۇڭغا گۇۋاھنامە ۋە بۇ شەھەردىن كېتىشىڭ ئۈچۈن ئەللىك دىنار پۇل بېرىمەن. سەن بۇ پۇل بىلەن باشقا يەرگە بېرىپ، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغايسەن.

— ئەي ئىگەم، بۇ ئىش ئىنسان قىلىدىغان ئىش ئەمەس، سىلى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ كىشى ئۆلسە نېمە، ئۆلمىسە نېمە؟ — دەپ شۇنچە چۈشەندۈرسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزلىرى خەسىسكە كار قىلماپتۇ.

قۇل ئامالسىز خوجىسىنىڭ بېشىنى قوشنىسىنىڭ ئۆگزىسىدە كېسىپ ھويلىسىغا تاشلاپتۇ ۋە ئەتىسى ئىسفەھانغا بېرىپ شۇ يەردە تۇرۇپ قاپتۇ.

بۇ ئىشتىن خەۋاردار بولغان سۇلتاننىڭ ئادەملىرى ھېلىقى گۇناھسىز قوشنىسىنى تۇتۇپ زىندانغا تاشلاپتۇ. ئۇنى قاتىللىق قىلدى دەپ ئەيىبلىيەلمىسىمۇ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ پاك، ئاق كۆڭۈل ئادەملىكىگە گۇۋاھلىق بەرسىمۇ، قاماقتىن قويۇپ بەرمەپتۇ.

خېلى بىر چاغلار ئۆتۈپ باغدادلىق بىر سېتىقچى ئىسفەھانغا بېرىپ ھېلىقى قۇلنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپتۇ. قۇل ئۇنىڭدىن ھېلىقى سېخىي كىشىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپتۇ. سېتىقچى ئۇ گۇناھسىز كىشىنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلەرنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. قۇلمۇ خوجىسىنىڭ قىلمىشىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. بۇلار ئىككىسى باغدادقا قايتىپ كېلىپ، بولغان ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى سۇلتانغا بىرمۇ بىر سۆزلەپ بېرىپ، ھېلىقى بىچارىنى قۇرۇق تۆھمەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قاپتۇ...

ئەي ئاقىللار، شۇنى بىلىڭلاركى، كىمكى ھەسەتخور بولسا ھەسەت شۇ كىشىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىدۇ.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)

# چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەردىن پارچە

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئادىلە ئابلىمىت

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن: ئوقۇرمەنلىرىمىزگە سۇنماقچى بولغان تۆۋەندىكى ھۆججەتلەر ئاقسۇ ۋىلايىتى كەلپىن ناھىيەسىگە قاراشلىق قارا كۆت ئايمىقىدىكى① ئاۋام خەلق ئىچىدىن تېپىلغان. قول يازمىنىڭ خېتى خوتەن قەغىزىگە قارا سىياھ بىلەن، 1 ـ ھۆججەت 11 قۇر، 2 ـ ھۆججەت 12 قۇر قىلىپ يېزىلغان. قۇر ئارىلىقى 1 سانتىمېتىردىن 1.5 سانتىمېتىرغىچە، ئېگىزلىكى بىرىنىڭ 12، يەنە بىرىنىڭ 14 سانتىمېتىر، كەڭلىكى بىرىنىڭ 14، يەنە بىرىنىڭ 18 سانتىمېتىر. قول يازمىنىڭ فوتو كوپىيەسى، ئوقۇلغۇسى ۋە يەشمىسى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇلدى.

## مىھران دورغىنىڭ سەككىز غەلۋىرلىق يېرىنى ئاقىول ئاقساقال مەمەت دالىغە ئاتمىش تۆت تەڭگە مىس پۇلغا ساتقانلىقى ھەققىدىكى ھۆججەت

ئوقۇلغۇ (تىرانسكرىپسىيە)سى:

تەئرىخقە بىر مىڭ ئىككى يۈز ئاتمىش توققۇز مۇغالىيە ھىسابىدا يىلان يىلى جامادىيەلئەۋۋەل ئايىنىڭ يىگىرمە سەككىزى سېھشەنبە كۈنى، بۇ تەرىقەدە خەت ۋەسىقە ئىنشاھ قىلىنىدىكىم، مەنكى مىھران دورغەدۇرمەن. ئۇلۇغ يار مەۋزىئىدەكى دانىكقان يەردىن سەككىز غەلبىرلۇق يەرنى ئاقىول ئاقساقال مەمەت دالىغە ئاتمىش تۆرت تەڭگە مىس فۇلغا بەيئى مۇتلەق قىلىپ ساتتىم، مەزكۇر فۇلى قولۇمغە بىتاقى تەگدى، دەپ ئىقرار ۋە مۇئتەبەر شەرئى قىلدىلار. مەزكۇر يەرنىڭ ھۇدۇدى ئەربەئەسى مەشرىق تەرەفى ئاقىول ئاقساقال مەمەت ئىبراھىمنىڭ يېرىگە مۇتتەسىل، فاسىلە ــ ئوق قىر، شىمال تەرەفى توختا يۈز بېگىنىڭ يېرىگە مۇتتەسىل، فاسىلە ــ كۆكچى ئارىق، مەغرىب تەرەفى موللا ئابدۇلئەزىزنىڭ يېرىگە مۇتتەسىل، فاسىلە ــ كۆكچى ئارىق، جەنۇب تەرەفى مەمەت ئىبراھىمنىڭ يېرىگە مۇتتەسىل، فاسىلە ــ كۆكچى ئارىق، بەئدەل ـ يەۋم بۇ ھۇدۇد ئىچىدەكى يەرگە مەن ۋە يا مېنىڭ ئەۋلادىمدىن كىمەرسە دەئۋايى قىلسا شەرئى شەرىف ئالدىدا دەئۋاسى باتىل ۋە نامەسمۇئ بولسۇن دەپ ئۇلەمائى ئەزەملەر مۆھۈر كەراملىرىنى باستۇرۇپ خەت ۋەسىقە بەردىم.

ھۇززارى مەجلىس: ئاللايار ئاقساقال، ياقۇپ توختاسىن، خاجە ھەسەن سوفى شاھىددۇرلار.

---

① ئايماق ــ مەھەللە.



يەشمىسى:

تارىخقا بىر مىڭ ئىككى يۈز ئاتمىش توققۇز، موغۇلىستان يىلى ھېسابىدا يىلان يىلى جامادىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ يىگىرمە سەككىزى سەيشەنبە كۈنى① شۇبۇ تەرىقىدە خەت ۋە ھۆججەت يازدىمكى، مەنكى مىھران دورغىدورمەن، ئۇلۇغيارىدىكى تېرىم يەردىن سەككىز غەلۋىرلىك يەرنى ئاقيول ئاقساقال مەمەت دالىغا ئاتمىش تۆت تەڭگە مىس پۇلغا سودىلىشىپ كېسىپلا ساتتىم. بۇ پۇل قولۇمغا نەق ۋە تولۇق تەگدى دەپ شەرەپلىك شەرىئەت بويىچە ئىشەنچلىك ھالدا ئىقرار قىلدىم.

مەزكۇر يەرنىڭ تۆت تەرەپ چېگراسى : شەرق تەرىپى ئاقيول ئاقساقال مەمەت ئىبراھىمنىڭ يېرىگە تۇتاشقان، پاسىل — ئوق قىر، شىمال تەرىپى توختى يۈزبېگىنىڭ يېرىگە تۇتاشقان، پاسىل — كۆكچى ئېرىق، غەرب تەرىپى موللا ئابدۇلئەزىزنىڭ يېرىگە تۇتاشقان، پاسىل — كۆكچى ئېرىق، جەنۇب تەرىپى مەمەت ئىبراھىمنىڭ يېرىگە تۇتاشقان، پاسىل — كۆكچى ئېرىق. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ چېگرا ئىچىدىكى يەرلەرگە مەن ياكى مېنىڭ ئەۋلادىمدىن كىمكى دەۋا قىلسا، دەۋاسى شەرەپلىك شەرىئەت ئالدىدا قوبۇل بولمىغاي دەپ، كاتتا ئۆلىمالار ①نىڭ تامغىلىرىنى باستۇرۇپ خەت ۋە ھۆججەت بەردىم.

مەجلىس ئەھلىدىن: ئاللايار ئاقساقال، ياقۇپ توختاسۇن، خاجە ھەسەن سوفىلار گۇۋاھتۇر.

① ھىجرىيە 1269 ـ يىلى جامادىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ يىگىرمە سەككىزى ــ مىلادىيە 1853 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

# توختەبىبىنىڭ ئاتىسىدىن قالغان ئۆزىگە تېگىشلىك مىراسنى تاپشۇرۇۋالغانلىقى ھەققىدىكى ھۆججەت

ئوقۇلغۇسى:

تەئرىخقە مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن توققۇز، ئۇي يىلى ماھى رەمەزاننىڭ ئون سەككىزى① ئەردى، مەن توغراقاتتا ئولتۇرۇشلۇق كەلگەن قارا كۆتكى ئايماقدەكى توقسۇن ئاقسالنىڭ قىزى توختەبىبىدۇرمەن. ئىقرار قىلدىم: ئاتامدىن قالغان كەلگەن مەۋزىئەكى ماڭا تېگىشلىك بىر قىزلىق مىراسىم ئاكام ئىيسا ھاجى، ئىسمائىللاردا توختاپ قالىپ ھالا بۇ يىل تەلەپ قىلغانىمدا، مايافچىدىكى يەرنىڭ، چەھارپاي ئۇي ئەشيالارىنىڭ بەدەلىدە يەتمىش تەنگە فۇل ئالدىم ۋە يەنە ئىككى پارچە قورۇغ يەرتىڭ بەدەلىدە بىر يارىم ئېتىز يەر ئالدىم ۋە يەنە بوتە خوجەدىكى يەرلەرنىڭ بەدەلىدە گەرمەدىن ئىككى ئېتىز يەر ئالدىم. شۇبۇ مەزكۇر ئەشيالارنى قولۇمغە قەبزى قىلىپ ئالىپ، كۈللى ۋە جۇزئىي مىراسىمدىن بىلكۈللى خارىج بولدۇم. بەئدەل ـ يەۋم مەن مەزكۇر توختەبۇبىدۇرمەن: ئاكام ئىيسا ھاجى، ئىسمائىللاردا



① ھىجرىيە 1289 ـ يىلى رامزان ئېيىنىڭ 18 ـ كۈنى ـــ مىلادىيە 1873 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

ھېچ ھەققى شېركەتىم قالمادى. بەئدەل - يەۋم خاھى مىراس بەخشەندە ۋەسىيەت، ئۇجور - ئەمانەت، قەرز - شېركەت، فۇل - مال قاتارلىق جىنسى دۇنيالىقىدىن بەۋەجھى مىنەل - ۋۇجۇھ ئىستىھقاق كەلتۈرۈپ دەئۋا ۋە خۇسۇمەت قىلغۇدەك بولسام، ئىندەش - شەرئى شەرىف باتىل بولغاي دەپ، ئۆز ئىقرارىمدىن مۆھۈرلۈككە خەتتى ھۆججەت بەردىم. ئالغان يەرلەرنىڭ تاشىدا باغدىن ئۆي، ھويلادىن ئىككى تۇف ئۆرۈك بىلەن بىر ئۆرۈك باغ ئالدىم. بىر ئاغىزلىق ئۆي ئىسكىناتى بىلەن ئالدىم.

ھۇززارى مەجلىس: موللا قۇربان رەئىس ئاخۇند، موللا ئىسمائىل ئاخۇند، ئىيسا يۈز بېگىلەر شاھىددۇر.

يەشمىسى:

تارىخقا بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن توققۇز، كالا يىلى، رامىزان ئېيىنىڭ ئون سەككىزى①. مەنكى توغراقتا ئولتۇرۇشلۇق كەلپىن قاراكۆت ئايمىقىدىكى توقسۇن ئاقساقالنىڭ قىزى توختەبىبىدۇر مەن. ئىقرار قىلدىمكى: كەلپىن مەۋزەئىدىكى ئاتامدىن قالغان ماڭا تېگىشلىك بىر قىزلىق مىراسىم ئاكام ئەيسا ھاجى، ئىسمايىللارنىڭ قولىدا توختاپ قالغان بولۇپ، بۇ يىل يەنە تەلەپ قىلغىنىمدا، ماياقچىدىكى يەر بىلەن تۆت ئېغىز ئۆي ۋە ئەشيالارنىڭ ئورنىغا يەتمىش تەڭگە پۇل ئالدىم. يەنە ئىككى پارچە قورۇق يەرنىڭ ئورنىغا بىر يېرىم ئېتىز يەر ئالدىم ھەمدە بوتەخوجىدىكى يەرلەرنىڭ ئورنىغا ئىككى ئېتىز يەر ئالدىم. مەزكۇر ئەشيالار ئۈستىدىن ھۆججەت پۈتۈپ قولۇمغا ئالدىم. بارلىق مىراسىمدىن تامامەن بەھرىمەن بولدۇم. مەنكى توختە بۈبىدۇرمەن، بۇنىڭدىن كېيىن ئاكام ئەيسا ھاجى، ئىسمايىللاردا ماڭا تېگىشلىك ھېچقانداق ھەققى - نېسىۋەم قالمىدى. ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ھەققىم، مىراس ئۈلۈشۈم ھەققىدە دەۋا قىلغۇدەك بولسام، شەرەپلىك شەرىئەت ئالدىدا ئاساسسىز بولغاي، قوبۇل بولمىغاي دەپ ئىقرار قىلىپ، تامغا باستۇرۇپ خەت ھۆججەت بەردىم. يۇقىرىدا ئالغان يەرلەردىن سىرت، يەنە باغلىق، ئۆي - ھويلىدىن ئىككى تۈپ ئۆرۈك بىلەن بىر ئۆرۈكلۈك باغ ئالدىم. بىر ئېغىزلىق ئۆينى جابدۇقلىرى بىلەن قوشۇپ ئالدىم.

مەجلىس ئەھلى: موللا قۇربان رەئىس ئاخۇن، موللا ئىسمايىل ئاخۇن، ئەيسا يۈز بېگىلەر شاھىددۇر.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى چاغاتاي تىلى كەسپىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى)

① ھىجرىيە 1289 - يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 18 - كۈنى — مىلادىيە 1873 - يىلى 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

ئۆمەرجان نۇرى

# ئابدۇللا نىدايى ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى



ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق ئەللىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى قەدىمدىن باشلاپ خېلى قويۇق بولۇپ، ئۇيغۇرلاردىن ھەر ساھەدىكى داڭلىق كىشىلەر بۇ رايوندا خاتىرە قالارلىق دەرىجىدە ئۆز تەسىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. شۇلاردىن بىرى تەرىقەتچى شائىر ئابدۇللا نىدايى كاشغەرىيدۇر.

## 1. ئابدۇللا نىدايىنىڭ ھاياتى

نەقشىبەندىيەچىلىكنىڭ 18 - ئەسىردىكى مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇللا نىدايى كاشغەرىي ھىجرىيەنىڭ 1100 (مىلادىيە 1688) - يىلى كاشغەر (ھازىرقى قەشقەر)دە تۇغۇلغان. ئەسلىي ئىسمى ئابدۇللا بىن مۇھەممەد كاشغەرىي بولۇپ، تەخەللۇسى «نىدايى»دۇر. ئۇ نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئىخلاسمىنى بولغانلىقى ئۈچۈن «نەقشىبەندىي»، ئىستانبۇلدىكى ئەييۇب سۇلتان جامەسىدە يەرلىشىپ، تەرىقەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن «ئەييۇبىي» دېگەن لەقەملەر بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ.

ئۇنىڭ «رىسالەئى ھەقىقىيە» ناملىق پارسچە كىتابىدىكى ئۆز تەرجىمىھالى ھەققىدىكى بايانىغا قارىغاندا، ئۇ دەسلەپ قەشقەردە مەدرىسە تەربىيەسى كۆرگەن، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى، ئاكا - سىڭلىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى كۆپ جەمەتلىك كىشى بولسىمۇ، تەرىقەتنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن 17 يېشىدىن باشلاپ نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ خەلىپىلىرىدىن كوچادىكى مەۋلانا ئەزھەرىي كاشغەرىينىڭ تەرىقەت تەربىيەسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ، بىر مەزگىل كوچادا ئىستىقامەت قىلغان. كېيىن 18 يېشىدا شەيخىنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن يەكەندىكى «پىرانى خانىدان» دەپ ئاتىلىدىغان، خەلق «ھەفتە مۇھەممەدان» دەپ ئاتايدىغان يەتتە قەبرىنى تاۋاپ قىلىپ قەشقەرگە قايتىدۇ. قەشقەردە ھىدايەتۇللاھ ئىشان (ئاپاق خوجا)نىڭ قەبرىسىدە ئۇزاق ۋاقىت ئىستىقامەت قىلغان ۋە قەشقەر ئەتراپىدىكى 78 ۋەلىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن تەرىقەتچىلىكنىڭ مەنىۋى تەربىيەسىنى ئېلىش ئۈچۈن قەشقەردىن يولغا چىقىپ، شەھەرمۇشەھەر ئايلىنىپ خوجەندگە كېلىپ، شەيخ مۇسلىھىددىن خوجەندىي ۋە بابا كەمال خوجەندىينىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، سەمەرقەندكە كېلىپ خوجا ئۇبەيدۇللاھ ئەھرار ۋە مەخدۇم ئەزەمنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغان. سەمەرقەندتىن بۇخاراغا كېلىپ شەيخ باھائىددىن نەقشىبەندىينىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ، بۇ يەرگە كەلگەن سانسىز تاۋاپچىلارنىڭ ئاجايىپ مەنزىرىسىدىن ناھايىتى تەسىرلەنگەن. بۇخارادىن بەلخقە كەلگەن، ئاندىن خۇراساندىكى مەۋلانا سەئىدىددىن كاشغەرىي، مەۋلانا جامى، ئىمام ئەلى رىزا، فەرىدىددىن ئەتتار ۋە بايەزىد بىستامى قاتارلىق مەشھۇر سوفىلارنىڭ قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلغان. سەپىرىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ، خۇراساندىن ئىراققا

كەلگۈچە ئىسفەھاندا شەيخ سايىبىنىڭ، شىرازدا شەيخ شەمسىددىن مۇھەممەد ھافىز شىرازىينىڭ ۋە شەيخ مۇسلىھىددىن سەئدى شىرازىينىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغان. باغدادقا كېلىپ ئىمامى ئەزەم، ئىمام مۇسا كازىم، جۇنەيد باغدادىي، شەيخ شەھابىددىن سۇھرىۋەردىي، شەيخ ئابدۇقادىر جىلانىي ۋە مەنسۇر ھەللاج قاتارلىق مەشھۇر سوپىلارنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغان. باغدادتىن يەنە يولغا چىقىپ، ئىراقنىڭ شىمالىدىكى كەركۇك، مەۋسۇل ۋە ھەلەب ئارقىلىق شامغا، شامدىن قۇددۇس شەرىف (ئېرۇسالىم)كە، ئۇ يەردىن ھىجازغا كەلگەن. مەككىدە ئۈچ يىل تۇرۇپ، ئۈچ قېتىم ھەج قىلغان. مەدىنىگە كېلىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلغان. ئۇ شەھەردىن بۇ شەھەرگە، ئىقلىمدىن ئىقلىمغا ئايلىنىپ، ئاللاھنىڭ ئاشىقلىرىنى ئىزدەپ 45 يىل ساياھەت قىلغاندىن كېيىن (1)، ئىستانبۇلغا كېلىپ «قەلەندەرخانا خانىقاسى»دا شەيخ بولغان. لېكىن، بۇ خانىقادا ئۆيلەنمەيدىغانلار تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، «يەكچەشمە ھاجى مۇرتىزا ئەپەندى» بەرپا قىلغان «مۇرتىزا ئەپەندى خانىقاسى»غا كېلىپ شەيخلىق قىلىشقا باشلىغان. كېيىن، بۇ خانىقا ئۇنىڭ نامى بىلەن «كاشغەرىي خانىقاسى» دەپ ئاتىلىپ، مەشھۇر بولغان.

ھىجرىيەنىڭ 1156 — 1159 (مىلادىيە 1743 — 1746) - يىللىرى ئەتراپىدا «قەلەندەرخانا خانىقاسى»دا شەيخلىق قىلغان ئابدۇللا نىدايى ھىجرىيەنىڭ 1174 - يىلى سەپەر ئېيىنىڭ 7 - كۈنى (مىلادىيە 1760 - يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى) ۋاپات بولغانغا قەدەر «كاشغەرىي خانىقاسى»دا 75 يېشىغىچە 14 يىل شەيخلىق قىلغان (2).

«كاشغەرىي خانىقاسى» كېيىن نىدايىنىڭ تەسىرى بىلەن ئىستانبۇلدىكى نەقشىبەندىيەچىلىكنىڭ مۇھىم مەركىزى بولۇپ قالغان. ئابدۇللا نىدايىنىڭ تەرىقەت سىلسىلەسى 1925 - يىلى ئاتا تۈرك مۇستاپا كامال تەرىقەتچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى مەنئى قىلىپ، خانىقالارنى تاقاتقۇزۇۋەتكەنگە قەدەر داۋاملاشقان. «كاشغەرىي خانىقاسى» ھەجگە كەلگەنلەر ئۈچۈن مېھمانخانا، ھەتتا بۇخارا خانلىقى ئۈچۈن ئەلچىخانىلىق رولىنى ئوينىدۇ ھەم ئانادولۇ (ئاناتولىيە)گە نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنى تارقىتىش مەركىزى بولىدۇ. «كاشغەرىي خانىقاسى» ھېلىمۇ بۇرۇنقى ئورنىدا ساقلىنىۋاتىدۇ (3).

ئابدۇللا نىدايى «كاشغەرىي خانىقاسى»دا شەيخلىق قىلغان مەزگىللەردە شېئىر ۋە ئەدەبىيات جەھەتتىكى ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىپ، نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنى كېڭەيتىش ۋە تەرىقەت تەربىيەسى بېرىشكە ئەھمىيەت بەرگەن، ھەتتا ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىنكى دەرستە تالىپلىرىغا «مەسنەۋى شەرىف» ئوقۇپ، مەۋلانا جالالىددىن رۇمىي ۋە مەۋلانا جامىينىڭ شېئىرلىرىدىن ئۆرنەك بېرىش ئارقىلىق، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى چۈشەندۇرگەن. ئۆزىنىڭ دىۋانىدىمۇ بىر مۇنچە مەشھۇر شائىرلارنىڭ غەزەللىرىگە يازغان تەخمىسلىرى ئۇچرايدۇ (4).

## 2. ئابدۇللا نىدايىنىڭ ئەسەرلىرى

ھازىر ئىستانبۇلدىكى بىرنەچچە كونا كۈتۈپخانىلاردا ئابدۇللا نىدايىنىڭ نامىدا مۇنداق قول يازما ئەسەرلەر ساقلىنىۋاتىدۇ.

1. «دىۋان»: بۇ دىۋاندا 85 غەزەلدىن باشقا، يەنە مۇخەممەسلەر، جامى، ھافىزى، شىرازى، ئىسمەت بۇخارى قاتارلىق مەشھۇر شائىرلارغا يازغان تەخمىس ۋە ساياھىتىنىڭ ئاخىرىدا ئىستانبۇلغا كېلىپ شەھەرنى كۆرگەندە ھەيران قالغانلىقىدىن يازغان «ھەيرەتنامە» ناملىق 27 بېيىتلىق بىر مەسنەۋىسى بار. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە باھائىددىن نەقشىبەندىگە ئاتاپ يازغان چاغاتايچە ئىككى

پارچە شېئىرىمۇ بار (بۇ ئىككى شېئىر ماقالىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ بېرىلدى). بۇ دىۋاننىڭ تۈرلۈك قول يازمىلىرى «ئىستانبۇل سۇلايمانىيە كۇتۇپخانىسى»دا شازەلى نامىدىكى قول يازمىلار ئىچىدە 158 ـ نومۇر بىلەن، ھۈسنۇ پاشا نامىدىكى قول يازمىلار ئىچىدە 784 ـ ۋە 1044 ـ نومۇر بىلەن، ئەسەد ئەپەندى نامىدىكى قول يازمىلار ئىچىدە 1458 ـ نومۇر بىلەن، مېھرىسۇلتان نامىدىكى قول يازمىلار ئىچىدە 209 ـ نومۇر، 61 ـ ۋاراق ئۇلۇغ تەرەپتىن باشلاپ 109 ـ ۋاراق سول تەرەپكە قەدەر ساقلانغان. «توپقاپى سارىيى مۇزېيىنىڭ كۇتۇپخانەسى»دا خەزىنە 984 ـ نومۇر بىلەن، ئىستانبۇل «شەھەرلىك ئاتاتۈرك قىرائەتخانىسى»دا ئوسمان ئەرگىن نامىدىكى قول يازمىلار ئىچىدە 11933 ـ نومۇر بىلەن، مىسىرنىڭ قاھىرەدىكى «دارۇلكۇتۇب» كۇتۇپخانىسىدىكى تەسەۋۋۇپ قول يازمىلىرى ئىچىدە 46 ـ نومۇر بىلەن، مەجمۇئەئى تۈركىي قول يازمىلىرى ئىچىدە 38 ـ نومۇر بىلەن ساقلىنىۋاتىدۇ.

2. «رىسالەئى ھەققىيە». پارسچە يېزىلغان بۇ ئەسەرنىڭ ھەر خىل قول يازمىلىرى ھەرقايسى كۇتۇپخانىلاردا «ھەققىيەئى نىدايى»، «ھەققىيە»، «رىسالە فى بەيانى تەرىقەتىن نەقشىبەندىيە»، «رىسالە دەر تەرىقەتى نەقشىبەندىيە»، «شىرىن شەمائىل» دېگەن ناملاردا ساقلانماقتا.

«رىسالەئى ھەققىيە» 12 بۆلۈمدىن تەركىب تاپقان ئەسەر بولۇپ، بىرىنچى بۆلۈمدە نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئۇسۇل ـ قائىدىلىرى ھەققىدە ساۋات، ئىككىنچى بۆلۈمدە تەرىقەت ئەخلاقى ۋە شەيخلەر رولىنىڭ مۇھىملىقى، ئۈچىنچى بۆلۈمدە نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ «تەجەللى»، تەبىرى، تۆتىنچى بۆلۈمدە تەۋھىد مەرتىۋىسى، بەشىنچى بۆلۈمدە شەيخ بىلەن سۆھبەتلىشىشنىڭ مۇھىملىقى، ئالتىنچى بۆلۈمدە فەقىر ياشاش ۋە جەندە ـ كۇلاھ كىيىشنىڭ ئەھمىيىتى، يەتتىنچى بۆلۈمدە نەپسى ھەققىدە، سەككىزىنچى بۆلۈمدە تەسەۋۋۇپتىكى خاتا چۈشەنچىلەرگە بېرىلگەن جاۋاب، توققۇزىنچى بۆلۈمدە تەرىقەت سۇلۇكىگە كىرمىگەنلەر، ئاللاھتىن ئەجر ـ ساۋاب ئىزدىگەنلەر ۋە ۋەلى بولۇش ئۈچۈن تىرىشقان ئۈچ خىل جامائەتنىڭ پەرقى، ئونىنچى بۆلۈمدە بۇ ئالەم بىلەن ئاخىرەتتە كۆرىدىغانلاردىن بېشارەتلەر، ئون بىرىنچى بۆلۈمدە ئۆزىنىڭ ھاياتى ھەققىدىكى نەزمىي ـ نەسرىي بايانلىرى، ئون ئىككىنچى بۆلۈمدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مەدھىيە، ئاللاتائالاغا مۇناجەت يېزىپ ئەسەرنى ئاخىرلاشتۇرغان (5).

«رىسالەئى ھەققىيە»نىڭ ئانچە تولۇق بولمىغان نۇسخىلىرى «ئىستانبۇل سۇلايمانىيە كۇتۇپخانىسى»دا شازەلى نامىدىكى قول يازمىلار ئىچىدە 158 ـ نومۇر بىلەن، ھۈسنۇ پاشا نامىدىكى قول يازمىلار ئىچىدە 251 ـ نومۇر بىلەن، مېھرىشاھسۇلتان نامىدىكى قول يازمىلار ئىچىدە 209 ـ نومۇر بىلەن ساقلىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە «سۇلايمانىيە كۇتۇپخانىسى»دا تېخىمۇ تولۇق بولغان ئون نۇسخىسى بار. بۇ ئەسەرنىڭ يەنە ئىككى نۇسخىسى «توپقاپى سارىيى مۇزېيىنىڭ كۇتۇپخانىسى»دا خەزىنە 984 ـ نومۇر بىلەن، ئىستانبۇل «شەھەرلىك ئاتاتۈرك قىرائەتخانىسى»دا ئوسمان ئەرگىن نامىدىكى قول يازمىلار ئىچىدە 11933 ـ نومۇر بىلەن ساقلىنىۋاتىدۇ.

ئابدۇللا نىدايى «رىسالەئى ھەققىيە»نى ھىجرىيەنىڭ 1165 (مىلادىيە 1755) ـ يىلى ئوسمانلى سۇلتان تۆتىنچى مەھمەتكە ھەدىيە قىلغان. ئىسمائىل مۇھىد ئەپەندى بۇ ئەسەرنى ھىجرىيەنىڭ 1205 (مىلادىيە 1790 ـ 1791) ـ يىلى ئوسمانلى تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلغان (بۇ تەرجىمە نۇسخىسى ھازىر «ئىستانبۇل سۇلايمانىيە كۇتۇپخانىسى»دا ئەسەد ئەپەندى نامىدىكى قول يازمىلار ئىچىدە 1422 ـ نومۇر بىلەن ساقلىنىۋاتىدۇ). تۈركچە تەرجىمىسىنىڭمۇ بىرنەچچە خىل نۇسخىسى بار. بۇ نۇسخىلار ئىستانبۇل «شەھەرلىك ئاتاتۈرك قىرائەتخانىسى»دا ئوسمان ئەرگىن نامىدىكى قول يازمىلار ئىچىدە 828 ـ، 919 ـ نومۇر بىلەن، «ئىستانبۇل سۇلايمانىيە كۇتۇپخانىسى»دا ئەسەد ئەپەندى نامىدىكى قول يازمىلار ئىچىدە

1422 ـ نومۇر بىلەن تولۇق بولمىغان نۇسخىلىرى ساقلىنىۋاتىدۇ(6).

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئابدۇللا نىدايىنىڭ نامىدا ساقلىنىۋاتقان ئەسەرلەردىن «رىسالەئى مۇختەسەر»، «ئەسرارى تەمھىد»، «فۇقەرا»، «تەرىقەتى نەقشىبەندىيە»، «رىسالەئى ئىرفانى» قاتارلىقلار بار.

### 3. ئابدۇللا نىدايىنىڭ چاغاتايچە ئىككى شېئىرى

1) نەئتئى نەبى ئەلەيھىسسالام بەلىسانى تۈركى:

جەمالىڭ جامىدىن بىر جۇرئە بەرگىل ئىنتىزارىڭغا،
جەھان ھەيرەتتە قالمىش بۇ سىنىڭ ھۇسنۇ ـ جەمالىڭغا،
كەمالى مەرھەمەتتىن بىر نەزەر قىل پايمالىڭغا،
بۇ جان تەن ئىچرەدەدۇر ھەمدە ئەيلەرەم سىيمائى ھالىڭغا،
جەھانۇ جان فىدا ئولسۇن سىنىڭكى مىمۇ دالىڭغا.

نەدۇر ھەيرەتدەيەم يۈز نازۇ ئىستىغنا سەمەنسالىق،
ۋىسالىڭ ئارزۇسىدىن تۇشۇپ زەنجىرى رەسۋالىق،
سىنىڭ زىللى خەيالىڭدىن ئولۇپ ناقىس تەرسالىق،
بۇراق ئۈزرە قۇدۇمى ئەۋۋەلىندۇر ئەرش فەرسالىق،
ئېرىشمەك مۇمكىن ئولماز ئىشقسىز باغى ۋىسالىڭغا.

شارابى شەۋق ئىچىپ مەستانەلىك دەئۋاسىن ئەتكەنلەر،
«ئەنەئىل ھەق» سىررىنى فاش ئەيلەيىپ غەۋغاسىن ئەتكەنلەر،
جەمالىڭ شەمئىنە پەرۋانەلىك دەئۋاسىن ئەتكەنلەر،
تەجەللى ئايەتى مۇسا كەبى تۇغراسىن ئەتكەنلەر،
ئىچىپ جامى مۇھەببەت ۋاقىف ئولمىش خەتتۇ خالىڭغا.

لەۋائى سەرمەدىيچۇن ئەبر دائىم سايەبان ئولدى،
مەلەكلەر ئاستانى ھەزرەتىڭدىن پاسبان ئولدى،
زۇھۇرۇڭ بائىسىدىن جۇملەئى ئالەم ئەيان ئولدى،
ئۇرۇجۇڭدا مەلەكلەر ساف تۇتۇبان دىيدەبان ئولدى،
ئېرىشمەي يولدا قالدى قۇدسىيان سەيرى كەمالىڭغا.

جەمالىڭ سەفھەسى «قەۋسەينى ئەۋ ئەدنا» ئەيان ئەتتى،
سىفاتى باتىنىڭ شەرھى «ئەلەم نەشرەھ» بەيان ئەتتى،
شەق ئولدى ئاي يۈزۈڭ كۆرگەچ شەھادەت ئىنسى جان ئەتتى،
لەبى لەئلۇ سۆيى ئائلەم ئىچىندە دۇر فەشان ئەتتى،
ھەدىسى «مەن رەئانى» دالدۇر تۇغرا كەمالىڭغا.

كەلامى «لىمەئەللاھ» ھەزرەتىڭ شەئنىنا بۇرھاندۇر،
رەۋاجى دىنى ئىسلامنىڭ ئۈچۈن تەفسىرى قۇرئاندۇر،
سىنىڭ سەيرى سەماۋات ئەتتۇگىڭدىن جۇملە ھەيراندۇر،
نىدايى دەردى مىھنەت ئىچرە ئەھۋالى پەرىشاندۇر،
مۇھەببەت جامىنى بەرگىل ئىرىشسۇن مىمۇ دالىڭغا.

2) قەسىدەئى ھەزرەتى شاھى نەقشبەندى قۇددىسە سىررۇھۇ

مەقسەى دىۋانە دائىم ھەققى پايى نەقشبەند،
سۇرمە قىلماققا قۇدۇمى ئەئششايى نەقشبەند.
گەر مۇيەسسەر ئولماسا ھەققى دەرى سۇلتانى ئىشق،
سىدقىلە قويدۇم قەدەم بەسدۇر ھەۋايى نەقشبەند.

جەمئى ۋەھدەتتىن مۇيەسسەر ئولسا يا بىر جۇرئەئى،
لۇتف ئېتىپ رەتلى گىران بەرگەيمۇ شاھى نەقشبەند.
بۇ قەفەس مۇرغانى خوش ئەلھەنلارنى مەھبۇس ئەيلەدى،
بىنەۋالارغا ياراشماسمۇ نەۋايى نەقشبەند.

زۇلمەتى ئۇنسۇ خەرابات ئەھلىنى ھەبس ئەيلەدى،
رەۋشەن ئەتمەكلىككە كامىلدۇر رىزايى نەقشبەند.
دەھر مەيدانىدا تەسكىن ئەتتىلەر فىلان مەست،
باغلانىپ تۇرماققە ھەم تارى رىدايى نەقشبەند.

مۇنتەشىر ئولمىش كەمالاتى جەھان ئەۋراقىدا،
تەشنە يەر دادۋەرى ۋالايى نەقشبەند.
ئەي نىدايى، ئۇشبۇ ئەيىۇب ئىچرە ئولدۇڭ مۇئتەكىف،
مۇئتەكىف ئولماق بۇ مەنزىلدە رىزايى نەقشبەند.

ئىزاھلار:

(1), (2), (5) “ Abdullah Nidai — yi kasgan ve Hakkiye Risalesi ” Simurg Kitapcilik Yayini, 2003 (Guller Nuhoglu, Dr:Hazirlayan Istanbul, Sayfa 108 — 110, 15 — 20, 27 — 30)
(3) Dunden Bugune (Thierry Zarcone: “ Kasgan Tekkesi ” , (Istanbul Ansiklopedisi, istanbul, 1995, IV, sayfa 485 — 487)
(4), (6) Istanbul ( “ Abdullah Nidai ve iki Siiri, :Azmi Bilgin) Turk ve Edebiyat Dergisi, c. Universitesi Edebiyat Fakultesi xxxx11, sayfa 61 — 71, 1994 — 1997, istanbul

(ئاپتور خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتىدا)

ئەرافات ھەسەن مۇسابايوف

# بابۇرنىڭ «مىزانۇل ئەۋزان» دىكى رۇبائىي ۋەزنلىرى ھەققىدىكى قاراشلىرى



رۇبائىي پارس ـ تاجىك شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، 10 ـ ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك پارس شائىرى رۇدەكىي (858 ـــ 941) تەرىپىدىن خاس ۋەزنگە سېلىنغان. 11 ـ ئەسىردىكى مەشھۇر ئالىم قەتتان مەرۋەزىي (1073 ـــ 1154) تەرىپىدىن «ئەخرەم ۋەزنى رۇبائىيلىرى» ۋە «ئەخرەب ۋەزنى رۇبائىيلىرى» دەپ ئىككىگە ئايرىتىلغان. بۇ ھەقتە ئارۇزشۇناس ئۆمەت تويچىيېف مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام ھەسەن قەتتان رۇبائىي ۋەزنلىرىنى ئۆگىنىش ئاسان بولسۇن دەپ، ئىككى تارماققا ئايرىتىپ، ئەخرەم ۋە ئەخرەب دەپ ئاتىدى①». شۇنىڭدىن كېيىن رۇبائىي شەكلى ھەزەج بەھرىنىڭ خاس رۆكنى «مەفائىيلۇن» نىڭ ئەخرەم زىھافى بولغان «مەفئۇلۇن» رۇبائىينىڭ بىرىنچى رۆكنى بولۇپ 12 خىل ۋەزىندە، «مەفائىيلۇن» نىڭ ئەخرەب زىھافى بولغان «مەفئۇلۇ» رۇبائىينىڭ بىرىنچى رۆكنىدا كېلىپ 12 خىل ۋەزىندە، جەمئىي بىر بەھرنىڭ 24 خىل ۋەزنىدە يېزىلىدىغان بولغان.

رۇبائىي ۋەزنى توغرىسىدا ئوتتۇرا ئەسىر پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيەچىلىرىدىن شەمس قەيس رازىي (13 ـ ئەسىر) ئۆزىنىڭ «ئەل ـ مۇئجەم» (ئەجەم شېئىرىيىتى ئۆرنەكلىرى لۇغىتى) ناملىق ئەسىرىدە رۇبائىي ۋەزنىنى «شەجەرەئى ئەخرەم» ۋە «شەجەرەئى ئەخرەب» دەپ ئىككى شەجەرە بويىچە كۆرسەتكەن②. تۆۋەندە بىز شەمس قەيس رازى بەرگەن شەجەرىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ رۇبائىي ۋەزنى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

### ئەخرەم شەجەرىسى ۋەزنلىرى:

1) مەفئۇلۇن فائىلۇن مەفائىيلۇن فائ
/ — — — V / — V — / — — —

2) مەفئۇلۇن فائىلۇن مەفائىيلۇن فەئ
— / — — — V / — V — / — — —

3) مەفئۇلۇن فائىلۇن مەفائىيلۇ فەئەل
— V / V — — V / — V — / — — —

4) مەفئۇلۇن فائىلۇن مەفائىيلۇ فەئۇل
— V / V — — V / — V — / — — —

5) مەفئۇلۇن مەفئۇلۇن مەفئۇلۇ فەئەل
— V / V — — / — — — / — — —

6) مەفئولۇن مەفئولۇن مەفئولۇن فائ

~/ — — — / — — — / — — —

7) مەفئولۇن مەفئولۇن مەفئولۇن فەئ

— / — — — / — — — / — — —

8) مەفئولۇن مەفئولۇن مەفئولۇ فەئۇل

~ V / V — — / — — — / — — —

9) مەفئولۇن مەفئولۇ مەفائىيلۇن فەئ

— / — — — V / V — — / — — —

10) مەفئولۇن مەفئولۇ مەفائىيلۇن فائ

~ / — — — V / V — — / — — —

11) مەفئولۇن مەفئولۇ مەفائىيلۇ فەئۇل

~ V / V — — V / V — — / — — —

12) مەفئولۇن مەفئولۇ مەفائىيلۇ فەئەل

— V / V — — V / V — — / — — —

ئەخرەب شەجەرىسى ۋەزىنلىرى:

1) مەفئولۇ مەفائىلۇن مەفائىيلۇن فائ

~ / — — — / V — V — V / V — —

2) مەفئولۇ مەفائىلۇن مەفائىيلۇن فەئ

— / — — — / V — V — V / V — —

3) مەفئولۇ مەفائىلۇن مەفائىيلۇ فەئۇل

~ V / V — — / V — V — V / V — —

4) مەفئولۇ مەفائىلۇن مەفائىيلۇ فەئەل

— V / V — — / V — V — V / V — —

5) مەفئولۇ مەفائىيلۇن مەفئولۇ فەئۇل

~ V / V — — / — — — V / V — —

6) مەفئولۇ مەفائىيلۇن مەفئولۇن فائ

/ ~ — — — / — — — V / V — —

7) مەفئولۇ مەفائىيلۇن مەفئولۇن فەئ

— / — — — / — — — V / V — —

8) مەفئولۇ مەفائىيلۇن مەفئولۇ فەئەل

— V / V — — / — — — V / V — —

9) مەفئولۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇن فائ

— — V / V — — V / V — — — — / ~

10) مەفئولۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇن فەئ

— — V / V — — V / V — — — — / —

11) مەفئولۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇ فەئۇل

— — V / V — — V / V — — V / V ~

12) مەفئولۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇ فەئەل

— — V / V — — V / V — — V / V —

رۇبائىي ۋەزنى توغرىسىدا ئوتتۇرا ئەسىر پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيەچىلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىنتايىن تەپسىلىي توختالغان بولسىمۇ، لېكىن تۈركىي تىلدا يېزىلغان رۇبائىي ۋەزنى توغرىسىدىكى تۇنجى ئەسەر 15 ـ ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا مەيدانغا كەلدى. بۇ تارىخىي ۋەزىپىنى دەل تۈركىي ـ ئۇيغۇر تىللىق بۈيۈك شائىر نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىي (1441 ـــ 1501) ئورۇنلىدى. رۇبائىي شەكلىنىڭ يۇقىرىقى 24 ۋەزىننى نەۋائىي ئۆزىنىڭ «مىزانۇل ـ ئەۋزان» (ۋەزىنلەر ئۆلچىمى) ناملىق ئەسىرىدە نەزەرىيە جەھەتتىن تونۇشتۇرۇپ③، پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتىدىكى بۇ شەكىلنى تۇنجى بولۇپ تۈركىي تىللىق شېئىرىيەت نەزەرىيەسىگە تەتبىقلىدى. ئەمدى بىز نەۋائىينىڭ رۇبائىي شەكلىگە بەرگەن تەبىرىگە قاراپ باقايلى: «رۇبائىي ۋەزنىكىم، ئانى ‹دۇبەيتى› ۋە ‹تەرانە› ھەم دەرلەر، ھەزەج بەھرىنىڭ ‹ئەخرەم› ۋە ‹ئەخرەب›ىدىن ئىستىخراج قىلىپتۇرلار ۋە ئول ۋەزندۇركىم، ئاسرۇ خوش ئايەندە ۋە نەزمدۇر بەغايەت رۇبايەندە. شېئىر ئەۋزانىدىن ئۇشبۇ ۋەزندۇركىم، نەزم ئۇستادلارى ئانگا ھەددى مۇئەييەن قىلىپدۇرلار ۋە غايەت لەتافەتىدىن ئىككى بەيتغە ئىختىسار قىلىپتۇرلار ۋە ئول يىگىرمە تۆرت نەۋئ كېلىپتۇر ۋە مەجمۇئى ئىككى قىسمغە مۇختەسەردۇر»④.

نەۋائىينىڭ بۇ تەبىرىدە رۇبائىي ۋەزىن ئالاھىدىلىكى بويىچە شەرھلەنگەن. يەنى، رۇبائىيدا مەزمۇن ئاساس بولماي، بەلكى ۋەزىن ئاساس ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

نەۋائىيدىن كېيىن تۈركىي تىللىق شېئىرىيەت نەزەرىيەچىلىرىدىن زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر (1483 ـــ 1530) ئارۇز ئىلمىگە بېغىشلانغان «مۇختەسەر» ناملىق ئەسىرىدە يۇقىرىقى 24 ۋەزىننى ئەينەن تونۇشتۇرغان ھەم رۇبائىيغا مۇنداق تەبىر بەرگەن: «بىلگىلكىم، رۇبائىيكىم دۇبەيتى ۋە تەرانە ھەم دەرلەر. ۋەزنى ھەزەج بەھرىنىڭ مۇزاھەفاتىدىندۇر. شېئىرنىڭ ئەۋزانىدىن ئۇشبۇ ۋەزندۇركىم، غايەت لەتافەتىدىن ئۇستازلار ئانگا ھەددى مۇئەييەن مۇكەررەر قىلىپتۇرلار. بۇ ئەجەم شۇئەراسىنىڭ مۇختەرەئاتىدىندۇر. يىگىرمە تۆرت نەۋئ كېلىپتۇر، مەجمۇئى ئون ۋەزىندىن مۇرەككەبدۇر. ‹مەفائىيلۇن› (سالىم)، ‹مەفائىلۇن› (مەقبۇز)، ‹مەفائىيلۇ› (مەكفۇف)، ‹مەفئولۇن› (ئەخرەم)، ‹مەفئولۇ› (ئەخرەب)، ‹فائىلۇن› (ئەشتەر)، ‹فەئۇل› (ئەھتەم)، ‹فەئەل› (مەجبۇب)، ‹فائ› (مۇزال) [1] . ‹فەئ› (ئەخرەمى مەجبۇب)⑤. بۇ يىگىرمە تۆرت ۋەزن ئىككى قىسىمدە مۇنھەسىردۇر، ئون ئىككى ۋەزىننىڭ ئەۋۋەلقى رۇكنى ‹مەفئولۇن›، كېلىپتۇر، مۇنى ئەۋزانى ئەخرەم دەپتۇرلار. يەنە ئون ئىككى ۋەزىننىڭ ئەۋۋەلقى رۇكنى ‹مەفئولۇ›، كېلىپتۇر، مۇنى ئەۋزانى ئەخرەب دەپتۇرلار. ئەگەر ئەۋۋەلقى رۇكنى ‹مەفئولۇن› بولسا، ئىككىنچى رۇكنى ‹مەفئولۇن›، يا ‹مەفئولۇ›، يا ‹فائىلۇن› بولۇر. ئەگەر ئەۋۋەلقى رۇكنى ‹مەفئولۇ› بولسا، ئىككىنچى رۇكنى ‹مەفائىيلۇن›، يا ‹مەفئولۇن› [2] يا ‹مەفئولۇ› [3] بولۇر. ھەر يىگىرمە تۆرت

ۋەزنىنىڭ ئۈچىنچى رۇكنى «مەفائىيلۇن»، يا «مەفائىيلۇ»، يا «مەفئۇلۇ»، 〔4〕 يا «مەفئۇلۇ»، بولۇر. تۆتىنچى رۇكنى «فەئۇل»، يا «فەئەل»، يا «فائ»، يا «فەئ» بولۇر، بۇ ئەخرەم ۋە ئەخرەب ئەۋزانىنىڭ زەبتى ئۈچۈن ئىككى شەجەرە ۋەزئ قىلىپتۇرلار، بىرىنى «شەجەرەئى ئەخرەم»، بىرىنى «شەجەرەئى ئەخرەب» دەپتۇرلار»⑥.

بابۇر يۇقىرىقى تەبىرىدە رۇبائىي شەكلىنى نەۋائىيغا قارىغاندا تېخىمۇ تەپسىلىي شەرھلىگەن. ھەتتا «مەفائىيلۇن» رۇكنىنىڭ رۇبائىي ۋەزنىنى تەشكىل قىلىدىغان توققۇز زىھافىنى نامىلىرى بويىچە كۆرسىتىپ ھەم بۇلارنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىپلىرىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن. بابۇرنىڭ رۇبائىيغا بەرگەن بۇ تەبىرىدىن رۇبائىيغا نىسبەتەن خاس ۋەزىنىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىمىز. بابۇر قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان «مۇختەسەر» نىڭ قولىمىزدىكى نۇسخىسى سەئىدبېك ھەسەن تەرىپىدىن 1971 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان بولۇپ، بابۇرنىڭ ئەسلىي قول يازمىسى تېپىلمىغاچقا، بۇ نۇسخا كاتىپ كۆچۈرگەن نۇسخىغا ئاساسەن ئىشلەنگەن. دەرۋەقە ئەسەرنىڭ بىر قانچە يېرىدە خاتالىق مەۋجۇت. بۇ كاتىبنىڭ خاتالىقىمۇ ياكى بابۇرنىڭمۇ؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېيىش قىيىن. مەسىلەن، بابۇرنىڭ رۇبائىيغا بەرگەن يۇقىرىقى تەبىرىدە 〔1〕 دىكى «مەفائىيلۇن» نىڭ زىھافى «فائ» نىڭ نامى «مۇزال» بولۇپ قالغان. ئەسلىي «ئەزەل» بولۇشى كېرەك ئىدى. 〔2〕 دە «مەفئۇلۇن» بولماي، «مەفائىيلۇ» بولۇشى كېرەك ئىدى. 〔3〕 دە «مەفئۇلۇ» بولماي، «مەفائىلۇن» بولۇشى كېرەك ئىدى. 〔4〕 دە «مەفئۇلۇ» بولماي، «مەفئۇلۇن» بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇ خاتالىقلارنىڭ 〔2〕 ، 〔3〕 ، 〔4〕 لىرىنى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار ئەسكەرتىپ، كىتابنىڭ كەينىدە ئىزاھات بەرگەن. يەنە «مۇختەسەر» دە كەلتۈرۈلگەن رۇبائىي شەجەرىلىرىدىن «ئەخرەب شەجەرىسى» نىڭ ئىككىنچى رۇكنىنىڭ ھەممىسىلا «مەفائىيلۇ» بولۇپ قالغان. لېكىن، بۇ خاتالىق نەشرگە تەييارلىغۇچىلار تەرىپىدىن ئىزاھلىنىپ تۈزىتىلگەن. يۇقىرىقى خاتالىقلار رۇبائىي ۋەزنى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا ئالاھىدە ئەسكەرتتۇق.

رۇبائىي شەكلىنىڭ ۋەزن جەھەتتىكى خاسلىقىدىن باشقا، يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، بىر رۇبائىينى بىر ۋەزىندە يازغاندىن باشقا، ئۇنىڭ تۆت مىسراسىنى تۆت خىل ۋەزىندە يېزىش مۇمكىن. لېكىن، ئۇنىڭ ۋەزىنلىرى يۇقىرىقى يىگىرمە تۆت ۋەزىندىن چەتنىمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئەلىشىر نەۋائىي «مىزانۇل ـ ئەۋزان» دا مۇنداق دەيدۇ: «ھەزەج بەھرىدە ئەخرەم زىھافاتىدە ئۆتكەن ئۈچ رۇبائىيكى ھەر بىر مىسرەئ ئۆزگە ۋەزىندە ئەردى، ئون ئىككى ۋەزن بولۇر...ھەزەج بەھرىدە ئەخرەب زىھافاتىدە ئۆتكەن ئۈچ رۇبائىيكىم ھەر مىسرەئ ئۆزگە ۋەزىندە ئەردىكى، بۇ ھەم ئون ئىككى ۋەزن بولۇر»⑦. شۇڭا، نەۋائىي رۇبائىي شەكلىگە مىسال ئالغاندا ئون ئىككى ئەخرەم ۋەزىنگە ئۈچ رۇبائىي، ئون ئىككى ئەخرەب ۋەزىنگە ئۈچ رۇبائىي يازغان. ئەسلىي پارس ـ تاجىك شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكلى بولغان رۇبائىي ۋەزن جەھەتتىكى مانا مۇشۇ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتكە ئەينەن قوبۇل قىلىنغان.

نەۋائىي ئۆزىنىڭ «مىزانۇل ـ ئەۋزان» ناملىق رىسالىسىدە رۇبائىينىڭ 24 ۋەزنىنى ئىنتايىن تەپسىلىي چۈشەندۈرگەن ھەم ھەر بىر ۋەزىنگە بىردىن مىسال ئېلىپ كۆرسەتكەن. لېكىن، نەۋائىينىڭ زاماندىشى مەشھۇر ئالىم زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر ئۆزىنىڭ «بابۇرنامە» ناملىق ئەسىرىدە نەۋائىي ئىجادىيىتى توغرۇلۇق توختىلىپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «يەنە ‹مىزانۇل ـ ئەۋزان› ناملىق ئەرۇز يېزىپتۇ. بىراق، ئۇنىڭ تەنقىدكە تېگىشلىك تەرىپى كۆپ. يىگىرمە تۆت رۇبائىي ۋەزنىدىن تۆت ۋەزىندە خاتا قىلىپتۇ.⑧» مانا شۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتلاردا، بولۇپمۇ رۇبائىي توغرىسىدا سۆز ئېچىلغاندا، بابۇرنىڭ شۇ

بايقىشى دائىم تىلغا ئېلىنىپ كەلدى. ئۇنداقتا بابۇر ئېيتقان نەۋائىي خاتا قىلغان تۆت ۋەزىن قايسى؟ بابۇر ئۇنى قايسى ئەسىرىدە كۆرسەتكەن ھەم قانداق تۈزەتكەن؟ بۇ توغرۇلۇق ئەدەبىياتشۇناس سەئىدبېك ھەسەن «مۇختەسەر»نىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: ««بابۇرنامە»دە 1505 — 1506 - يىللار ۋەقەلىرىدە ئەلىشىر نەۋائىينىڭ يىگىرمە تۆت رۇبائىي ۋەزىنىنىڭ تۆت ۋەزىنىدە خاتا قىلغانلىقى تەكىتلەپ ئۆتۈلىدۇ. لېكىن، بابۇر «مۇختەسەر»دە بۇ ھەقتە ھېچ گەپ قىلمايدۇ. پىكرىمىزچە، بابۇر «مىزانۇل ئەۋزان»نىڭ خەتتات تەرىپىدىن خاتا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىدىن پايدىلىنىپ، كېيىنچە بولسا مەزكۇر رۇبائىي ۋەزىنلىرىدە نۇقسانلار يوقلۇقى ئېنىقلانغاچ، بۇ ھەقتە گەپ قىلىشنى لازىم تاپمىغان بولسا كېرەك.⑨» لېكىن، ئەھۋال سەئىدبېك ھەسەن ئېيتقاندەك ئەمەس، بابۇر «بابۇرنامە» دە ئېيتقان تۆت خاتالىقنى «مۇختەسەر»دە بىرمۇبىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنى تۈزەتكەن. لېكىن، ھازىر «مىزانۇل - ئەۋزان» نىڭ قولىمىزدىكى تۆت خىل نەشرىدە (ئەنقەرە نەشرى، تاشكەنت 1967 - يىلى ۋە 2000 - يىلى نەشرى ، بەلخ 1953 - يىلى نەشرى) ئوخشىمىغان خاتالىقلار مەۋجۇت بولۇپ، ھەتتا رۇبائىي ۋەزىنلىرىدىمۇ نۇقسانلار خېلى بار. بىز بۇ يەردە مەخسۇس «مىزانۇل - ئەۋزان» دىكى خاتالىقلار ئۈستىدە سۆزلىمىگەچكە، بۇلارنى ئېيتىپ ئولتۇرمايمىز.

«مىزانۇل - ئەۋزان» دا كۆرسىتىلگەن رۇبائىي ۋەزىنلىرىنى بابۇرنىڭ «مۇختەسەر»ىدە «مىزانۇل - ئەۋزان» دىن ئالغان مىساللىرى ۋە ۋەزىنلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئابدۇللا رويىن تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، 1953 - يىلى بەلختە چاغاتاي يېزىقى بىلەن نەشر قىلىنغان «مىزان ئۇل - ئەۋزان» دىكى رۇبائىي ۋەزىنلىرىنىڭ بىر قەدەر توغرا ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق. تۆۋەندە نەۋائىي بەرگەن رۇبائىي ۋەزىنلىرى ھەم مىساللارنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

### ھەزەجى ئەخرەم

يا رەب نې ئافەتدۇر ئول ھۆسنۇ جەمال،
كىم يوقتۇر يەر ئىلە جەھان ئىچرە مىسال
مەفئولۇن مەفئولۇن مەفئولۇ فەئۇل
مەفئولۇن مەفئولۇ مەفائىيلۇ فەئۇل

مىڭ قەتلە شۇكرىن دېسەم ئاز ئېرۇر،
گەر بولسا بىر زەمان ماڭا كامى ۋىسال.
مەفئولۇن مەفئولۇن مەفئولۇ فەئۇل
مەفئولۇن فائىلۇن مەفائىيلۇ فەئۇل

ئەي سەنسىز ئۆمرۈمدىن ئاسايىش يوق،
كۆز ئىستەركىم كۆرسە جەمالىڭ⑩ توق.
مەفئولۇن مەفئولۇن مەفئولۇن فائ
مەفئولۇن مەفئولۇ مەفائىيلۇن فائ

كەلگىلكى بىر قاتلا ئۇزارىڭنى كۆرەي،
كىم ھەجرىڭ كۆپ ئۇردى بۇ كۆكسۇمغە ئوق.
مەفئۇلۇن مەفئۇلۇ مەفائىيلۇ فەئەل
مەفئۇلۇن فائىلۇن مەفائىيلۇن فائ

ئەي مەھۋەش، ئۆتكەي بۇ سەركەشلىك ھەم،
رەھم ئەيلەپ بۇ قۇلغە جەفانى قىل كەم.
مەفئۇلۇن مەفئۇلۇن مەفئۇلۇن فەئ
مەفئۇلۇن مەفئۇلۇ مەفائىيلۇن فەئ

تا تەڭرى ئاسراغاي خەلايىققە سىنى،
ئەيلەرمەن يۈز دۇئا سىنىڭ سارى دەم.
مەفئۇلۇن فائىلۇن مەفائىيلۇ فەئەل
مەفئۇلۇن فائىلۇن مەفائىيلۇن فەئ

## ھەزەجى ئەخرەب

ئەي سەندىن ئۇلۇپ باغرىمۇ⑪ ھەم كۆكسۇم داغ،
كۆڭلۇم ئۇتۇ ئۇل ئۇتقە تۆكۇپ ئەشكىم ياغ.
مەفئۇلۇ مەفائىيلۇن مەفئۇلۇن فائ
مەفئۇلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇن فائ

تەن ئۇلسە غەمىڭ ئىچرە جانىڭغە فىدا،
جان كۆيسە مۇھەببەتىڭدە سەن بولغىل ساغ.
مەفئۇلۇ مەفائىيلۇن مەفئۇلۇ فەئەل
مەفئۇلۇ مەفائىلۇن مەفائىيلۇن فائ

بىر لەھزە كۆڭۈل سەنسىز ھالىن بىلمەس،
جەۋرىڭنى كۆڭۈلگە ئەي پەرىۋەش قىل بەس.
مەفئۇلۇ مەفائىيلۇن مەفئۇلۇن فەئ
مەفئۇلۇ مەفائىلۇن مەفائىيلۇن فەئ

ھەجرىڭدە فىغانىمغە ئۇلۇس نالە قىلۇر،
قىل ھالىمە رەھم كىم، ئىرۇرمەن بىكەس.
مەفئۇلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇ فەئۇل
مەفئۇلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇن فەئ

ئەي شوخ، بىزنىڭ سارى بىر ئەيلە نەزەر،
كىم ئاھۇ فىغان ئوتى چىكەر كۆككە شەرەر.
مەفئۇلۇ مەفائىيلۇن مەفئۇلۇ فەئەل
مەفئۇلۇ مەفائىلۇن مەفائىيلۇ فەئەل

يا ۋەسل ئىلە كۆڭلۈمگە قەرىن ئەيلە مۇراد،
يا قەتل ئىلە قويمە بۇ ھەياتىمغە ئەسەر.
مەفئۇلۇ مەفائىلۇن مەفائىيلۇ فەئۇل
مەفئۇلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇ فەئەل

بابۇر «مۇختەسەر»نىڭ 58 ـ، 59 ـ بەتلىرىدە نەۋائىينىڭ يۇقىرىقى مىساللىرىنى تەكرارلىغان ھەم بەش مىسالنىڭ ۋەزنىنى ئۆزگەرتتۇەتكەن. بۇلار:

1) كىم ھەجرىڭ كۆپ ئۇردى بۇ كۆكسۇمغە ئوق،
مەفئۇلۇن مەفئۇلۇ مەفائىيلۇن فائ

2) تەن ئولسە غەمىڭ ئىچرە جانىڭغە فىدا
مەفئۇلۇ مەفائىيلۇن مەفئۇلۇ فەئەل

3) ھەجرىڭدە فىغانىمغە ئۇلۇس نالە قىلۇر
مەفئۇلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇ فەئەل

4) قىل ھالىمە رەھم كىم ئېرۇرمەن بىكەس
مەفئۇلۇ مەفائىلۇن مەفائىيلۇن فەئ

5) يا ۋەسل ئىلە كۆڭلۈمگە قەرىن ئەيلە مۇراد
مەفئۇلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇ فەئۇل

كەينىدىنلا بابۇر يەنە : «ئەخرەم ئەۋزانىنىڭ رۇبائىيلارىدا ئەخرەمى ئەخرەبى ئەزەل ۋەزنى مۇكەررەر بولۇپتۇر، نېچۇككىم بۇ ئىككى مىسرەئ ئۇشال ۋەزىندەدۇر.

كۆز ئىستەركىم كۆرسە جەمالىڭنى توق،
كىم ھەجرىڭ كۆپ ئۇردى بۇ كۆكسۇمگە ئوق.

«مەفئۇلۇن مەفئۇلۇ' مەفائىيلۇن فائ» بولغاي. بۇ ۋەزنىكىم «مەفئۇلۇن فائىلۇن مەفائىيلۇن فائ»

ئەخرەمى ئەشتەرى ئەزەل ۋەزنىدۇر، ئىپتىلمايدۇر. ئەخرەم ئەۋزانىنىڭ رۇبائىيلاردا بىر ئەخرەبى مەجبۇب ۋەزنى مۇكەررەر بولۇپتۇر. ئىچۇككىم بۇ ئىككى مىسرەئ ئۇشال ۋەزنىدەدۇر:

تەن گۇلسە غەمىڭ ئىچرە جانىڭغە فىدا،
ئەي شوخ ىزىڭ سارى بىر ئەيلە نەزەر.

«مەفئولۇ' مەفائىيلۇن مەفئولۇ' فەئەل» بولغاي. يەنە بىر ئەخرەبى مەقبۇزى مەجبۇب⑫ ۋەزنى مۇكەررەر بولۇپتۇر، ئىچۇككىم بۇ ئىككى مىسرەئ ئۇشەل ۋەزىندە ۋاقىئ بولۇپتۇر:

جەۋرىڭنى كۆڭۈلگە ئەي پەرىۋەش قىل بەس،
قىل ھالىمە رەھىم كىم ئىرۇرمەن بىكەس.
مەفئولۇ' مەفائىلۇن مەفائىيلۇن فەئ

يەنە بىر ئەخرەبى مەكفۇفى مەجبۇب ۋەزنى مۇكەررەر بولۇپتۇر ، ئىچۇككىم بۇ ئىككى مىسرەئ ئۇشال ۋەزىندە ۋاقىئ بولۇپتۇر :

ھەجرىڭدە فىغانىمغە ئۇلۇس نالە قىلۇر،
يا قەتل ئىلە قويمە بۇ ھەياتىمغە ئەسەر.

«مەفئولۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇ فەئەل» بولغاي. ئۇچ ۋەزىن ئىپتىلمايدۇر. «مەفئولۇ مەفائىيلۇن مەفئولۇ فەئۇل» كىم ئەخرەبى ئەھتەم ۋەزنىدۇر. يەنە بىر «مەفئولۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇ⑬ فەئەل» كىم ئەخرەبى مەقبۇزى⑭ مەكفۇفى ئەخرەمى مەجبۇب ۋەزنىدۇر. يەنە بىر «مەفئولۇ مەفائىلۇن مەفائىيلۇ فەئۇل» كىم ئەخرەبى مەقبۇزى مەكفۇفى ئەھتەم ۋەزنىدۇر» دەپ يېزىپ، ئۆزى «بابۇرنامە» دە ئېيتقان تۆت خاتالىقنى بىرمۇبىر كۆرسىتىپ تۈزىتىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋالىمىزكى، «مىزانۇل ـ ئەۋزان» دا ئەسلىي بەش رۇبائىي ۋەزنىگە خاتا مىسال ئېلىنغان، لېكىن «ئەخرەبى مەكفۇفى ئەھتەم» (مەفئولۇ' مەفائىيلۇ فەئۇل) ۋەزنىگە ئەسلىي «ئەخرەبى مەقبۇزى مەكفۇفى ئەھتەم» (مەفئولۇ' مەفائىلۇن مەفائىيلۇ فەئۇل) ۋەزنىگە ئېلىنغان مىسال ماس كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بابۇر بۇلارنى يىغىنچاقلاپ، ئاخىرىدا مىسال كەلمىگەن تۆت ۋەزنىنى كۆرسەتكەن. بۇلارنىڭ بىرى ئەخرەم تارمىقىنىڭ، قالغان ئۈچى ئەخرەب تارمىقىنىڭ ۋەزنىلىرىدۇر.

ئەمدى بىز بابۇر خاتا دەپ كۆرسەتكەن بۇ تۆت مىسالنى تەپسىلىي كۆرۈپ، بۇ ھەقتىكى پىكرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. خاتالىقلارنىڭ بىرىنچىسى «ئەخرەمى ئەشتەرى ئەزەل» ۋەزنىگە ئېلىنغان مىسال بولۇپ، تۆۋەندىكىچە :

(كىم ھەجرىڭ كۆپ ئۇردى بۇ كۆكسۇمغە ئوق
مەفئولۇن فائىلۇن مەفائىيلۇن فائ
~ / — — — V/ — V — / — —

بۇنىڭدا بابۇر «كۆپ ئۇردى» نى «فائىلۇن» غا ماس كەلمەيدۇ، يەنى «ئۇر» بوغۇمى قىسقا بوغۇم (V) بولالمايدۇ دەپ، ئۇنىڭ رۇكنىنى «مەفئۇلۇ'» (ـــ ـــ V) غا ئۆزگەرتىۋەتكەن. بۇنىڭ بىلەن رۇكنىنىڭ قىسقا بوغۇمى بىلەن مىسالدىكى «دى» بوغۇمى ماس كەلگەن. مېنىڭچە، ئەسلىي مىسال:

كىم ھەجرىڭ ئۇردى كۆپ بۇ كۆكسۇمغە ئوق
مەفئۇلۇن فائىلۇن مەفائىيلۇن فائ
ـــ ـــ ـــ / ـــ V ـــ / V ـــ ـــ ـــ / ~

بولۇشى كېرەك ئىدى، پەقەت مىسالدىكى «ئۇردى» بىلەن «كۆپ» سۆزلىرىنىڭ ئورنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلسىلا، بابۇر ئېيتقان خاتالىق تۈزۈلىدۇ ھەم بۇ ئىككى سۆزنىڭ ئورنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلسا، مىسرانىڭ مەنىسىگە قىلچە تەسىر يەتمەيدۇ، بابۇر ئېيتقان بۇ بىرىنچى خاتالىق ئەمەلىيەتتە مىسرا ئىچىدىكى ئارقىمۇ ئارقا كەلگەن ئىككى سۆزنىڭ ئورنىنىڭ ئالمىشىپ قېلىشىدىن كېلىپ چىققان. مېنىڭچە، بۇ خاتالىق ئەسەرنى كۆچۈرگۈچى كاتىپ تەرىپىدىن سادىر قىلىنغان. بابۇر ئەنە شۇنداق نۇسخىلاردىن پايدىلانغان بولۇشى ئېھتىمال. چۈنكى، بۇ خاتالىقنى نەۋائىينىڭ سادىر قىلىشى ئەقىلگە سىغمايدۇ. بىز يەنە مۇشۇ مىسالغا دىققەت قىلىپ قارىساق، قاپىيە بولۇپ كەلگەن «ئوق» سۆزىنىڭ «ئۇل» (~) غا ماس كەلمەيدىغانلىقىنى سېزىمىز. چۈنكى، تۈركىي تىللىق ئارۇزدا «فەئۇل» رۇكنىنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىغا ماس كېلىدىغان، يەنى ئالاھىدە ئۇزۇن بوغۇم (ياكى بىر يېرىم بوغۇم) بولالايدىغان سۆز ئىككى ھەرپ (ئۈزۈك تاۋۇش) بىلەن بىر ھەرپى ئىللە (ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش يەنى ئا، ئى، ئۇ)دىن ياكى ئۈچ ھەرپ بىلەن بىر ھەرىكە (قىسقا سوزۇق تاۋۇش، يەنى ئە، ئې، ئو)دىن تۈزۈلگەن ئەرەب ـ پارس تىللىرىدىن كىرگەن ئالاھىدە سوزۇپ ئوقۇلىدىغان سۆزلەردۇر. مەسىلەن، «خار»، «مەست». پەقەت قىسمەن ئەھۋاللاردا تۈركىي سۆزلەرنى پارس تىلى بىلەن تەلەپپۇز ۋە يېزىق جەھەتتىكى يېقىنلىقىغا تايىنىپ، پارس ـ تاجىك ئارۇزىنىڭ تەقتىئى بويىچە ئايرىغان. ئۇلار (تۈركىي تىللىق كىلاسسىكلار)نىڭ قارىشىچە، تۈركىي (ئۇيغۇر) تىلىدىكى لەۋلەشكەن تۆت سوزۇق تاۋۇشنى ئوخشاش بىر ھەرپ بىلەن يېزىش مۇمكىن بولغانلىقتىن، كۆپىنچە ۋاقىتتا ھەممىسىنى ھەرپى ئىللە (ا، و، ى) كۆرۈنۈشىدە يېزىشقان. شۇنىڭ بىلەن بۇنداق سۆزلەرگە بەزىدە ھەرپى ئىللە (ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش) تەرىقىسىدە مۇئامىلە قىلىنغان. ئەمەلىيەتتە بۇ خىلدىكىدەك تۈزۈلۈشتىكى بوغۇملار ئالاھىدە سوزۇپ ئوقۇشقا (يەنى، بىر يېرىم بوغۇم قىلىشقا) دېگەندەك ماس كەلمەيدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلىش بوغۇم شەكلىنى تەقلىد قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. لېكىن، بابۇر نەۋائىينىڭ:

ئەي سەنىسىز ئۆمرۈمدىن ئاسايىش يوق،
كۆز ئىستەركىم كۆرسە جەمالىڭنى توق.
كەلگىل كى بىر قەتلە ئۇزارىڭنى كۆرەي،
كىم ھەجرىڭ كۆپ ئۇردى بۇ كۆكسۇمغە ئوق.

دېگەن رۇبائىيسىدىكى قاپىيەلەرنىڭ ۋەزنى ھەققىدە ئېغىز ئاچمايدۇ. بۇ مىسالنىڭ قاپىيىلىرىگە ئىنچىكىلىك بىلەن قارىساق، «يوق، توق، ئوق» سۆزلىرىنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئالاھىدە ئۇزۇن بوغۇم بولالـ

مايدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۈركىي سۆزلەردۇر. لېكىن، بابۇر بۇلار توغرىسىدا پىكىر بىلدۈرمەيدۇ. ئەمما، ئۇ نەۋائىينىڭ:

ھەجرىڭدە فىغانىمغە ئۇلۇس ناله قىلۇر
مەفئۇلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇ فەئۇل
— — V / V — — V / V — — V / V ~

مىسالىدىكى «قىلۇر» (قىلور) سۆزىنى «فەئۇل» (V ~) رۇكنى بىلەن ماس كەلمەيدۇ، ئەسلىي «فەئەل» (V —) بولۇشى كېرەك، دەيدۇ. گەرچە بۇ سۆز ئىككى ھەرپ بىلەن بىر ھەرپى ئىللەدىن تۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ تۈركىي سۆز. شۇڭا، بابۇر بۇ سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىنى ئالاھىدە ئۇزۇن بوغۇم بولالمايدۇ، دەيدۇ. ئەمما، بابۇر ئالدىنقى مىسالدىكى «يوق، توق، ئوق» سۆزلىرىنى ئالاھىدە ئۇزۇن بوغۇم ھېسابلاپ، خاراكتېر جەھەتتىن ئوخشاش بىر مەسىلىگە ئىككى خىل جاۋاب بېرىدۇ. بابۇر يەنە «مۇختەسەر»دە مۇجتەس بەھرىنىڭ «مۇسەددەسى مەرفۇئى مەكفۇفى مەقتۇئ» ۋەزنىگە مۇنداق مىسال ئالىدۇ:

ئۇل ئەلىف بويلۇقنىڭ ئىشقى،
مېنى ئالەم ئەرا ئەلەم قىلدى.
فائىلۇن فائىلاتۇ مەفئۇلۇن⑯
— — — —/V—V—/—V— —

ئەمدى بۇ بېيىتنى تەكشۈرۈپ كۆرسەك، ئىككى مىسرانىڭ بوغۇم سانلىرىنىڭ ئۆزئارا تەڭ ئەمەسلىكىنى، يەنى بىرىنچى مىسرانىڭ سەككىز بوغۇم، ئىككىنچى مىسرانىڭ ئون بوغۇم ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. بۇنداق ئەھۋالدا بىرىنچى مىسرادىكى بوغۇملاردىن ئىككىسىنى پارس تىللىق ئارۇزنىڭ تەقتىئ (بوغۇمغا ئايرىش) قائىدىسى بويىچە ئايرىغاندىلا، ئاندىن مىسالنى بېرىلگەن ۋەزىنگە چۈشۈرگىلى بولىدۇ. بىرىنچى مىسرادا ئالاھىدە ئۇزۇن بوغۇم ئورنىدا كەلسە ۋەزىن بۇزۇلمايدىغان سۆز «بويلۇق» بولۇپ، ئۇنى:

بوي لۇق
— V — V
فائ لات

قىلىپ ئايرىغاندىلا، بۇ بېيىت بېرىلگەن ۋەزىنگە ماس كېلىدۇ. لېكىن، «بويلۇق» سۆزى تۈركىي سۆز، ئۇنى ئەسلىي بىر يېرىم بوغۇم قىلىپ، ئالاھىدە سوزۇپ ئوقۇشقا بولمايدۇ. نەۋائىينىڭ مىسالدىكى «قىلۇر» سۆزىنى بابۇر دەل شۇ سەۋەبلىك «فەئۇل» (V ~) رۇكنىغا ماس كەلمەيدۇ دېگەن. ئەپسۇس، بابۇر بۇنداق بوغۇملارنى ئۆز ئەسىرىدە ۋەزىن ئېھتىياجى بىلەن ئالاھىدە ئۇزۇن بوغۇم ھېسابلاپ، نەۋائىينىڭ شۇنداق قىلىشىغا ھەرخىل پوزىتسىيەدە بولىدۇ.

تۈركىي تىللاردا، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلار ئەرەب ـ پارس تىللىرىدىكىدەك ئۇزۇن

ۋە قىسقا دەپ بۆلۈنمەيدۇ، شۇڭا تۈركىي تىللاردا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىق دەرىجىسى ئوخشاش بولىدۇ. شۇ سەۋەب، تۈركىي تىللىق ئارۇزدا سوزۇق تاۋۇشلار يالغۇز ياكى بىر ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن بىرىكىپ، ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە كەلگەندە ئېھتىياجغا قاراپ، ئۇزۇن ياكى قىسقا بوغۇم ھېسابلانغان. بىر ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن بىرىكىپ، يېپىق بوغۇم ھالىتىدە كەلگەندە ياكى ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن بىرىكىپ كەلگەندە ئۇزۇن بوغۇم ھېسابلانغان (« ن » ۋە « ھ » ھەرپلىرى تەقتىئىدە بەزىدە ھېسابقا ئېلىنمىغان). ئەمما، ئەرەب ـ پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ تەقتىئى بۇنىڭ سىرتىدا. ئەرەب ـ پارس تىللىرىدىن كىرگەن «ئىشق» (عشق)، «يار» (يار)، «مەست» (مست)، دېگەندەك سۆزلەر تۈركىي تىللىق ئارۇزدا ئالاھىدە ئۇزۇن بوغۇم ياكى بىرلا ئۇزۇن بوغۇم ھېسابلانغان. لېكىن، بۇنداق سۆزلەر پارس ـ تاجىك ئارۇزىدا ئالاھىدە ئۇزۇن بوغۇم ھېسابلانغان.

بابۇر ئېيتقان ئىككىنچى خاتالىق «ئەخرەبى ئەھتەم» (مەفئۇلۇ مەفائىيلۇن مەفئۇلۇ فەئەل) ۋەزنىنىگە ئېلىنغان مىسال بولۇپ، تۆۋەندىكىچە:

تەن ئۇلسە غەمىڭ ئىچرە جانىڭغە فىدا
مەفئۇلۇ مەفائىيلۇن مەفئۇلۇ فەئەل
— — V / V — — — /— — — V / V ~

بابۇر بۇيەردە نەۋائىينىڭ «فىدا» سۆزىنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىنى ئالاھىدە ئۇزۇن بوغۇم ھېسابلىغىنىنى خاتا دەپ بىلىپ، «فەئۇل» (~ V) رۆكنىنى « فەئەل» (V —)گە ئالماشتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن نەۋائىينىڭ ئەخرەب زىھافىنىڭ «ئەخرەبى ئەھتەم» ۋەزنىنىگە ئالغان مىسالى ئانچە توغرا بولمىغان. بۇنى بابۇر ھەقىقەتەنمۇ توغرا بايقىغان ھەم تۈزەتكەن. يەنە شۇنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئەرەب ـ پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان «فىدا» (فدا)، «بەلا» (بلا)، «شەكەر» (شكر)، «جۇدا» (جدا)، «نەۋا» (نوا) دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىر قىسقا، بىر ئۇزۇن (V —) بوغۇم ھېسابلانغان. بۇنداق سۆزلەر تۈركىي تىللىق ئارۇزنىڭ تەقتىئىگە بويسۇندۇرۇلماي، شۇ تىللار ئارۇزىدىكى تەقتىئىنى ئەينەن ساقلىغان. مەسىلەن، نەۋائىينىڭ «غەرايىبۇس ـ سىغەر» دىۋانىغا كىرگۈزۈلگەن مەلۇم بىر غەزىلىنىڭ مەقتەئى:

ئەي نەۋائىي، دېمەكىم جانۇ كۆڭۈلنى نەيلەدىڭ،
ئەيلەدىم جەۋلان قىلىپ چىققاندا دىلدارىم فىدا.⑰
فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن
— V— — / — V— — / — V— — / — V—

نەۋائىي ئۆز تەخەللۇسىدىكى «نەۋا» سۆزى بىلەن غەزەلدە رادىف بولۇپ كەلگەن «فىدا» سۆزلىرىنى پارس تىللىق ئارۇزنىڭ تەقتىئى بويىچە ئايرىغان. بۇنداق سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنى ئۇزۇن بوغۇم قىلىش ئۈچۈن، سۆزلەرنى بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلغان. مەسىلەن، نەۋائىي:

نى نەۋا ساز ئەيلەگەي بۇلبۇل گۈلىستاندىن جۇدا،
ئەيلەمەس تۇتى تەكەللۇم شەككەرىستاندىن جۇدا.⑱

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

—V —/ ——V — / ——V — / ——V —

مەتلەئىدە «نەۋا»، «جۇدا» سۆزلىرىنى بىر قىسقا، بىر ئۇزۇن بوغۇم (V—) ھېسابلىغاندىن تاشقىرى، يەنە «شەكەرىستان» سۆزىنى «فائىلاتۇن» رۇكنىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنى «شەككەرىستان» قىلىپ تەلەپپۇز قىلىش ئارقىلىق سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنى ئۇزارتقان. يەنە مەسىلەن نەۋائىي «غەرايىبۇس - سىغەر» دىۋانىدىكى مەلۇم بىر غەزەلنىڭ يەتتىنچى بېيىتىدا ئوخشاش بىر سۆزنى ئىككى خىل ئىشلىتىدۇ:

شەكەر لەبلەر تەبەسسۇم قىلغانىن كۆرگەچ كۆڭۈل بەرمە،
كى بىدىللارنى ئاچچىغ يىغلاتۇر ئاخىر بۇ شەككەرخەند.⑲
مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن

——— V/ ——— V/ ——— V/ ———V

بۇ بېيىتنىڭ بىرىنچى مىسراسىدىكى «شەكەر» سۆزى ئەسلىي تەلەپپۇزىنى ساقلاپ، بىر قىسقا، بىر ئۇزۇن بوغۇم بولغان. ئىككىنچى مىسرادىكى «شەكەر» سۆزى ئىككى ئۇزۇن بوغۇمغا ماسلاشتۇرۇلۇش ئۈچۈن ۋەزىن ئېھتىياجى بىلەن «شەككەر» قىلىنغان. بىز يۇقىرىدا بابۇرنىڭ «مىزانۇل - ئەۋزان» دىكى خاتا ئېلىنغان بەش مىسالدىن بىرىنى مىسالى خاتا بولغان ۋەزىن بىلەن بىرىكتۈرۈپ، خاتالىقنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۆت قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتكەنىدۇق. لېكىن، بابۇر «مىزانۇل - ئەۋزان» دىكى ئەخرەب تارمىقىنىڭ مىسالى خاتا بولغان «ئەخرەبى مەكفۇفى ئەبتەر» (مەفئۇلۇ مەفائىيلۇ' مەفائىيلۇن فەئ) ۋەزىنى بىلەن «ئەخرەبى ئەھتەم» (مەفئۇلۇ' مەفائىيلۇن مەفئۇلۇ' فەئۇل) ۋەزىنىگە خاتا ئېلىنغان مىسالنى دەل ئەرەب - پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ تەقتىئى تۈپەيلى بىرىكتۈرمىگەن. قېنى بىز بۇلارنى بىرىكتۈرۈپ، تەكشۈرۈپ باقايلى:

تەن ئۆلسە غەمىڭ ئىچرە جانىڭغە فىدا
مەفئۇلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇن فەئ

—/ ———V / V ——V / V ——

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ۋەزىننىڭ ئاخىرقى ئىككى بوغۇمى بىلەن «فىدا» سۆزى ماس كەلمەيدۇ. بۇنداق قىلغاندا «فىدا» سۆزى ئىككى ئۇزۇن (— —) بوغۇم بولۇپ قالىدۇ. بابۇرنىڭ يۇقىرىقى مىسال بىلەن ۋەزىننى بىرىكتۈرمەي، بۇنى خاتالىق سۈپىتىدە تىلغا ئالغىنى، بىزنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىمىزنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىسپاتلايدۇ، يەنى «فىدا» سۆزىنىڭ بىرىنچى بوغۇمى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەرەب - پارس تىللىرىدا بوغۇم ئاخىرى ھەرىكە بىلەن ئاخىرلاشقان بوغۇملار تۈركىي تىللىق ئارۇزدىمۇ ھەم بىر قىسقا بوغۇملا ھېسابلانغان.

ئۈچىنچى خاتالىق «ئەخرەبى مەكفۇفى ئەبتەر»⑳ (مەفئۇلۇ' مەفائىيلۇن فەئ) ۋەزىنىگە ئېلىنغان مىسال بولۇپ، تۆۋەندىكىچە:

قىل ھالىمە رەھم كىم ، ئېرۇرمەن بىكەس
مەفئۇلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇن فەئ
— — V / V — — V / V — — — — / —

بابۇر بۇ مىسالدا «رەھم» (رحم) سۆزىنى ئىككى ئۇزۇن بوغۇم بولالمايدۇ، بەلكى بۇ يەردە بىر ئالاھىدە ئۇزۇن بوغۇم بولسا، ۋەزنىگە چۈشىدۇ دەپ قاراپ، «مەفائىيلۇ» رۇكنىنى «مەفائىلۇن» غا ئالماشتۇرغان. «رەھم» سۆزى تۈركىي تىللىق ئارۇزدا ۋەزن ئېھتىياجى بىلەن بەزىدە بىر ئۇزۇن بوغۇم، بەزىدە بىر ئالاھىدە ئۇزۇن بوغۇم (مىسرا ئوتتۇرىسىدا «— V »، ئاخىرىدا « ~ ») بولالايدۇ. لېكىن، ئۇنى ئىككى ئۇزۇن بوغۇم ( — — ) قىلىشقا بولمايدۇ، شۇڭا بابۇرنىڭ «مىزانۇل - ئەۋزان» دىكى «ئەخرەبى مەكفۇفى ئەبتەر» ۋەزنىگە ئېلىنغان مىسالنى خاتا دېيىشى بىزنىڭچە ئورۇنلۇق بولغان.

تۆتىنچى خاتالىق «ئەخرەبى مەقبۇزى مەكفۇفى ئەھتەم» (مەفئۇلۇ' مەفائىلۇن مەفائىيلۇ' فەئۇل) ۋەزنىگە ئېلىنغان مىسال بولۇپ، تۆۋەندىكىچە:

يا ۋەسل ئىلە كۆڭلۇمگە قەرىن ئەيلە مۇراد
مەفئۇلۇ مەفائىلۇن مەفائىيلۇ فەئۇل
— — V / V — V — V/ — — V / V ~

بابۇر بۇيەردىكى خاتالىقنى «كۆڭلۇم» سۆزىنى بىر ئۇزۇن، بىر قىسقا بوغۇم بولۇپ قالغان دەپ بىلگەن. بابۇرنىڭ قارىشىچە، «كۆڭلۇم» سۆزى ئەسلىي ئىككى ئۇزۇن بوغۇم بولىشى كېرەك. شۇ سەۋەب، بابۇر ۋەزنىنىڭ ئىككىنچى رۇكنى «مەفائىلۇن» نى «مەفائىيلۇ »غا ئۆزگەرتىپ، «كۆڭلۇم» سۆزىنى ئىككى ئۇزۇن بوغۇم سانىغان. «كۆڭۈل» سۆزى تۈركىي سۆز بولۇپ، يۇقىرىقى مىسالدا بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۇرلەنگەن «كۆڭلۇم» شەكلى ئېلىنغان بولۇپ، ھەرئىككى بوغۇمى ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن بىر سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن. بۇنداق بوغۇملار تۈركىي تىللىق ئارۇزدا ئۇزۇن بوغۇم ھېسابلانغان. ئەگەر بۇ مىسال:

يا ۋەسل ئىلە كۆڭلۇمە قەرتن ئەيلە مۇراد
مەفئۇلۇ مەفائىلۇن مەفائىيلۇ فەئۇل
— — V / V — V / — V — — V / V ~

قىلىپ ئېلىنغان بولسا، ۋەزنىگە چۈشكەن بولاتتى. چۈنكى، بۇنداق بولغاندا «كۆڭلۇم» سۆزىنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «م» ھەرپى كېيىنكى بوغۇمغا قوشۇلۇپ كەتكەنلىكتىن، بوغۇم ئوچۇق ھالەتكە كېلىپ ئېھتىياجغا قاراپ قىسقا بوغۇم قىلىپ ئايرىساق بولىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردىكى خاتالىق نەۋائىينىڭمۇ ياكى كاتىپلار تەرىپىدىن مۇشۇنداق خاتا كۆچۈرۈلۈپ قالدىمۇ، بىر نېمە دېيىش تولىمۇ قىيىن.

مانا يۇقىرىقىلار «بابۇرنامە»دە تىلغا ئېلىنغان نەۋائىينىڭ «مىزانۇل - ئەۋزان»دىكى رۇبائىي ۋەزنلىرىدە كەتكۈزۈپ قويغان تۆت خاتالىقى. دەرۋەقە تۈركىي تىللىق ئارۇزنىڭ نەزەرىيە ئاساسى ئەرەب - پارس شېئىرىيىتىدىكى ئەرۇز نەزەرىيەسى ۋە قائىدىلىرى بولغاچقا، شۇ نەزەرىيەنى تۈركىي تىلغا قانداق تەتبىقلاش جەھەتتە نەۋائىي بىلەن بابۇرنىڭ تەقتىئىدىكى ئايرىم بەزىبىر قاراشلىرى بىردەك بولمىغان.

يەنە بىر تەرەپتىن نەۋائىي ئەسەرلىرى ئەينى دەۋردىن باشلاپلا كاتىپلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ تارقىتىلغاچقا، تۈرلۈك سەۋەنلىكلەر تۈپەيلى خاتا كۆچۈرۈلۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، بابۇرنىڭ «مىزانۇل ـ ئەۋزان»دا كەلتۈرۈلگەن رۇبائىيلارنى بىرمۇبىر تەكشۈرۈپ، ئۆزى ۋەزنىگە ماس كەلمىگەن دەپ قارىغان تۆت مىسالنى «بابۇرنامە» ۋە «مۇختەسەر» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە تىلغا ئېلىپ ئالاھىدە ئەسكەرتكەنلىكىدىن، ئەينى دەۋردە تۈركىي شېئىرىيەتتە ئارۇز نەزەرىيەنىڭ ناھايىتى ئىنچىكە ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىنغانلىقىنى بىلىمىز. شۇنداقلا، رۇبائىيلارنىڭ ۋەزىن ئۆلچىمىنىڭمۇ ئېنىق بېكىتىلگەنلىكىنى، رۇبائىينىڭ خاس ۋەزنىگە چۈشمىگەن ھەرقانداق بىر تۆتلۈكنىڭ مەزمۇنىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، رۇبائىي ھېسابلانمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

---

ئىزاھلار

① ئۇممەت تويچىيېف: «ئۆزبېك شېئىرىيىتىدە ئارۇز سىستېمىسى»، تاشكەنت، 1985 ـ يىلى نەشرى، 19 ـ بەت .

② شەمس قەيس رازى: «ئەل مۇئجەم»، دۇشەنبە، 1991 ـ يىلى نەشرى، 98 ـ، 99 ـ بەتلەر.

③، ④، ⑦، ⑮ ئەلىشىر نەۋائىي: «مىزانۇل ـ ئەۋزان»، بەلخ، 1953 ـ يىلى نەشرى، 38 ـ، 41 ـ بەتلەر ، 36 ـ بەت ، 38 ـ، 40 ـ بەتلەر، 37 ـ بەت .

⑤ ياكى «ئەبتەر». «مەفائىيلۇن»نىڭ بۇزۇلغان شەكلى. «ئەل مۇئجەم» بىلەن «مىزانۇل ـ ئەۋزان»دا «ئەبتەر»، «مۇختەسەر»دە «ئەخرەمى مەجبۇب» نامىدا ئۇچرايدۇ.

⑥، ⑨، ⑯، زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر : «مۇختەسەر»، تاشكەنت، 1971 ـ يىلى نەشرى، 55 ـ بەت، 10 ـ بەت ، 98 ـ بەت .

⑧ زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «بابۇرنامە»، بېيجىڭ، 1991 ـ يىلى نەشرى، 319 ـ بەت .

⑩ ئەنقەرە نەشرىدە ھەم «مۇختەسەر» دە «جەمالىڭنى» دەپ ئېلىنغان، ئەسلىي ۋەزنىگە مۇۋاپىق ھالدا «جەمالىڭنى» بولۇشى كېرەك.

⑪ قالغان ئۈچ نۇسخىدا ھەم «مۇختەسەر» دە «باغرىم» دەپ ئېلىنغان، ئەسلىي ۋەزنىگە ماس ھالدا «باغرىم» بولۇشى كېرەك.

⑫ «ئەبتەر» ياكى «ئەخرەمى مەجبۇب» بولۇشى كېرەك.

⑬ «مەفائىيلۇن» بولۇشى كېرەك.

⑭ بۇ ئارتۇقچە.

⑰، ⑱، ⑲ ئەلىشىر نەۋائىي : «غەرايىبۇس ـ سىغەر»، ئەنقەرە، 2003 ـ يىلى نەشرى، 51 ـ بەت، 55 ـ بەت، 111 ـ بەت . تاشكەنت 1988 ـ يىلى نەشرى، 50 ـ بەت، 54 ـ بەت، 111 ـ بەت.

⑳ «مۇختەسەر» دە بۇ ۋەزىن خاتا ھالدا «ئەخرەبى مەقبۇزى مەكفۇفى ئەخرەمى مەجبۇب» دېيىلگەن، بۇ خاتالىقنى كىمنىڭ سادىر قىلغانلىقىغا ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيمىز.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى 2007 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

# سەمەرقەندلىك شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشىنىڭ ئەلىشىر نەۋائىيغا يازغان نەزىرەلىرى

ئايشەگۈل سەرتقايا (ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى)

ئۇيغۇرچىغا ئاغدۇرغۇچى: ئۆمەرجان نۇرى

ئانادولۇدىكى تۈركلەر بىلەن ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى مۇناسىۋىتى فاتىخ سۇلتان ئىككىنچى مەھمەت دەۋرىدە باشلىنىپ، ئوغلى سۇلتان ئىككىنچى بايەزىد دەۋرىدىمۇ داۋام قىلدۇرۇلغان.

ئانادولۇدا ئەلىشىر نەۋائىينىڭ غەزەللىرىگە يېزىلغان تۇنجى نەزىرەلەرنى 16 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا فاتىخ سۇلتان ئىككىنچى مەھمەت ۋە ئوغلى سۇلتان ئىككىنچى بايەزىد سارىيىدا ياشىغان، سۇلتان ئىككىنچى مەھمەت بىلەن سۇلتان ئىككىنچى بايەزىدنىڭ شەرقتىكى تۈركلەرگە ئەۋەتكەن مەكتۇب (بىتىگ) ۋە پەرمان (يارلىغ) لىرىنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئەرەب ھەرپى بىلەن چاغاتايچە يازغان كاتىب (باخشى) ــــ سەمەرقەندلىك شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى يېزىپ چىققان.

شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى يازغان ئەسەرلەردىن ئىستانبۇلدىكى توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسىدا (D) 5 ـ 11980 .E ـ نومۇردا تۈرۈلمە قەغەزگە چاغاتايچە يازغان ئۈچ غەزەل بىلەن بىر پارىچە ئىلتىماس ساقلىنىۋاتىدۇ. مەتنىگە دىققەت بىلەن قارىساق، نەزىرەدە تىلغا ئېلىنغىنى ــــ پادىشاھ فاتىخ سۇلتان ئىككىنچى مەھمەتنىڭ ئوغلى سۇلتان ئىككىنچى بايەزىد بولۇپ، نەزىرەنىڭ يېزىلغان ۋاقتىنىڭ فاتىخ سۇلتان ئىككىنچى مەھمەت ۋاپات بولغان مىلادىيە 1481 ـ يىلىدىن كېيىن ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ غەزىلى ئۇنىڭ «غارايىبۇس ـ سىغەر» ناملىق دىۋانىدىن ئېلىنغان بىر غەزەلنىڭ بەش بېيىتىدۇر. شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ بۇ غەزىلىگە ئوخشاش ۋەزىن ۋە قاپىيە بىلەن ئىككى نەزىرە يازغان. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ غەزىلى مۇنداق يېزىلغان:

ئەملەھوش ـ شۇئەرا مەۋلانا نەۋائىي ئايتۇر:

سېنى كۆرگەچ دەر ئېدىم بىر مېھرىبانىم بار ئىمىش،
ئاللاھ، ئاللاھ، نە بەلا باتىل گۇمانىم بار ئىمىش.
ئارەزىڭ ماھىيەتى ئاغزىڭ سۆزىن شەرھ ئەيلىسەم،
ۋەھ نە تەبئى پاكۇ زېھنى خۇردەدانىم بار ئىمىش.
چاك قىل كۆكسۈمنى ئەي بەدمېھر تاكى بىلگەسەن،
تىغى ھەجرىڭدىن نە نەۋئ ئازۇردا جانىم بار ئىمىش.
نە ھەيات ئەردى ئۆلەر ھالەتتەكىم كۆرگەچ ئانى،
ناز ئىلە دېدى ھەنۇز ئول ناتەۋانىم بار ئىمىش.
دەركى يالقىپتۇر نەۋائىي ئۇندىن، ۋەھ ياخشىدۇر،
كىم تىرىكلىكتىن نىشانەتەك بىر فىغانىم بار ئىمىش.

شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى نەزىرە يازغان بۇ بەش بېيىتنى ئالغان غەزەل توپقاپى سارىيىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى «رەۋان، 808 ـ نومۇرلۇق نەۋائىي كۇللىياتى 444b ـ 444a»دا ۋە سۇلايمانىيە كۇتۇپخانىسىدىكى «فاتىخ، 4056 نومۇرلۇق نەۋائىي كۇللىياتى 432b»دا يوقىرىقى 4 ـ بېيىتتىن كېيىن كېلىدىغان تۆۋەندىكى ئىككى بېيىتمۇ بار.

جەۋھەرى ئىشقىن ئۇلۇرغا خەلق مەخفى نەقدىدەك،
جان ئىچىندە بىر نەچە داغى نىھانىم بار ئىمىش.
يۈز غەمىم بار ئەردى مۇڭ كۆيىگە كىرگەچ بولدى رەفئ،
ۋەھكى مەن غافىل ئەجەب دارىلئەمانىم بار ئىمىش.

شەيخزادە ئەبدۇرەززاق باخشىنىڭ ئەلىشىرى نەۋائىيغا يازغان بەش بېيىتلىق تۇنجى نەزىرەسى:
ھۆۋەل فەتتاھ، جەۋاب ئايتۇر:

پادشاھىم دەۋرىدە بىر خۇش زەمانىم بار ئىمىش.
بارچە خەۋفۇ ھەم خەتەردىن كۆپ ئەمانىم بار ئىمىش.
ئەدلۇ ئىنسافىڭ چاۋى باردىيۇ خىتاۋۇ خوتەن،
ھەمدۇلىللاھكىم، شاھىمدەك مىھرىبانىم بار ئىمىش.
چۈنكى سۇلتان بايەزدخان ئالدى رۇمنىڭ تەختىنى،
ئۇشبۇ دەۋلەت چۈن ئەزەلدىن كەندىسىگە يار ئىمىش.
ھەر ئەدۇكىم مۇنكىر ئولسا سۇلتانىم دەۋلەتىغە،
بۇ مۇئەييەنكىم ئەدۇنىڭ بوينى يىپۇ دار ئىمىش.
ئىئتىقادلىق قۇللارىنىڭ يۈزى باخشىدەك كۈلەر،
ئىئتىقادسىز يۈرگەنىنىڭ ئورنى جەھەننەم ئىمىش.

شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشىنىڭ ئەلىشىر نەۋائىيغا يازغان بەش بېيىتلىق ئىككىنچى نەزىرەسى:
ھۇھۇۋەل فەتتاھ، تاقئى بىر جەۋاب ئايتۇر:

ئول پەرى رۇكىم ئانىڭ ئاغزى ئاجايىب تار ئىمىش.
كۆرسە مىڭ زاھىد كۈتۈپ لەئلى لەبىغە زار ئىمىش.
زۇلفىنىڭكى پىچىنى قىلسام ئانىڭ شەرھىن ئەيان،
گۈيىيا بىر نۇقرەئى پاك ئۇزرە ياتقان مار ئىمىش.
كۆكرەكىمنى يارغىلۇ كۆرگىل نە ئوتلار يانادۇر،
گەر ئىنانماسەن ئاھىمنىڭ شۇئلەسى چۈن نار ئىمىش.
مەنسەنىمنى ئىستەيۇر ئاراباچىيۇ بارسچىلار،
ھەر كىشىكىم كەندىيى بىلمەسە بەسكىم ئار ئىمىش.
باخشى گۇستاخلىق قىلىپ ئايتتى نەۋائىيغا جەۋاب،
ئول غەزەلغە بىر جەۋاب ئايغۇ بۇ رۇمدا بار ئىمىش.
دەۋلەت مۇستەدام ـ بىھەققىن نەبىيى بىئل ـ ئىباد

بۇ دۇئادىن كېيىن، پارىچە ئالتە قۇرلۇق مۇنداق بىر ئىلتىماس بار: ـــ «ھازىر ئۇلۇك قول شەيخلىق

مەنسىپى كۆپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئىلتىماس قىلىپ ئاپتۇ، پېقىر قۇللىرىمۇ شۇ مەنسەپكە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىمەن، ئەگەر پادىشاھىمنىڭ مەرھەمىتى كېلىپ، بۇ مەنسەپنى دۇئاچىڭىز (پېقىر) باخشىغا ئىلتىپات قىلىپ بەرسە، ئىككى ئالەمدە دۆلىتىڭىز مەڭگۈلۈك بولسۇن».

بۇ پارىچە ئىلتىماستىن شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشىنىڭ بىر مەنسەپ تەلەپ قىلغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. يەنە مەنسەپتىن باشقا تەلەپلەرمۇ بار. غەزەلنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ھارۋىكەش ۋە ئۇۋچىلار بۇ مەنسەپنى ئارزۇ قىلىسىمۇ، غېرىبلار باخشىنىڭ مەنسەپ تۇتۇشىنى ئارزۇ قىلىدىكەن. بۇ مەنسەپنىڭ شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشىغا بېرىلگەن ياكى بېرىلمىگەنلىكىنى بىلمەيمىز. ئەمما، شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى يەنە باشقا ئىلتىماسلارنىمۇ يازغان. مەسىلەن، 3/11980 ـ نومۇرلۇق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئەرەب يېزىقى بىلەن قوشۇپ يېزىلغان 17 قۇرلۇق قەسىدىسىدە ئېغىل قىلىنغان بىر ئۆيىنى تەلەپ قىلغان. بۇ ئۆينى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، 8/11981 ـ نومۇرلۇق ئەرەب يېزىقىدىكى غەزىلىدە پادىشاھتىن باشقا بىر ھەدىيە تەلەپ قىلغان. غەزەلنىڭ 4 ـ بېيىتىدا مۇنداق يېزىلغان:

ئۇن يەتتە ئاتۇ خاتىرىم ئارپا يەر،
ئول سەبەبتىندۇركى بولدۇم خارجىسىز.

ئۇستىگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئاستىغا ئەرەب يېزىقى بىلەن قوشۇپ يېزىلغان 11./11981 نومۇرلۇق قەسىدىنىڭ 14 ـ بېيىتىدا مۇنداق يېزىلغان:

سۇلتانىم ئېسەن بولسۇن، بارچە دۈشمەنى ئۆلسۇن،
ياز فەسلىدە مەن قۇلنى گۆندەرسە (ئەۋەتسە) قارامانغا.

شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشىنىڭ قارامانغا بارغان ياكى بارمىغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

فاتىخ سۇلتان مەھمەتنىڭ ئۇزۇن ھەسەنبەگ بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقى ھەققىدىكى بىر پەرمانىنى ئۇستىگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئاستىغا ئەرەب يېزىقى بىلەن يازدۇرغانلىقى مەلۇم. بۇ پەرماننى يازغان كىشى فاتىخ سۇلتان ئىككىنچى مەھمەت سەمەرقەندتىن ئەكەلدۈرگەن كاتىب (باخشى)دۇر. ئىستانبۇلدىكى توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسى بىلەن سۇلايمانىيە كۇتۇپخانىسىدىكى ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا، شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى ئىسىملىك بۇ باخشى ھەققىدە تۆۋەندىكى مەلۇماتلارغا ئېرىشەلەيمىز ھەم ئانادولۇدىكى تۈركلەر بىلەن ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى مەلۇماتقىمۇ ئېرىشەلەيمىز.

## شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشىنىڭ ھاياتى

ئوسمانلىچە مەنبەلەردە شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار ئۆزى يازغان ئەسەرلىرىدىلا ئۇچرايدۇ.

تەخەللۇسى: شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشىنىڭ ئۆزى يازغان ئەسەرلىرىدە تەخەللۇسى «باخشى»، «باخشى قۇل»، «تۈركىستانى باخشى»، «باخشىئى تۈركىستانى» شەكلىدە بولۇپ، مەتنىدە مۇنداق ئۇچرايدۇ:

باخشى

1. توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسى 11981 ـ 5 ـ نومۇرلۇق ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان 17

بېيىتلىق قەسىدە (1)نىڭ 16 ـ بېيىتىدا:

سەن ئول نۇرى ئىلاھى سەن بۇ باخشىغا نەزەر قىلسالىڭ،
كېلۇر دەۋلەت، كېتەر مىھنەت، يېتەر ئىززەت، بولۇر سەخخار.

2. توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسى 11981 ـ 5(D) ـ نومۇرلۇق ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان 5 بېيىتلىق غەزەلنىڭ 5 ـ بېيىتىدا:

ئېتىقادلىق قوللارىنىڭ يۈزى باخشىدەك كۈلەر،
ئېتىقادسىز يۈرگەننىڭ ئۆرنى جەھەننەم ئېمىش.

3. توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسى 11981 ـ 5(R) ـ نومۇرلۇق ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان 5 بېيىتلىق غەزەلنىڭ 5 ـ بېيىتىدا:

باخشى گۇستاخلىق قىلىپ ئايىتتى نەۋائىيغا جەۋاب،
ئول غەزەلغە بىر جەۋاب ئايغو بۇ رۇمدا بار ئېمىش.

4. توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسى 11981 ـ 6 ـ نومۇرلۇق ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان 7 بېيىتلىق غەزەلنىڭ 7 ـ بېيىتىدا:

سېنىڭدەك شاھنىڭ ئاستانەسىدە،
بۇ باخشىدەك گەدا بولماسا ئولماس.

5. توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسى 11981 ـ 6(E) ـ نومۇرلۇق ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان «باھارىياتى نەزمۇ نەسر ئايتۇر» (2) دېگەن شېئىرىدا:

باخشىدا ئېتىقاد بار،
خۇدا بولسۇن ئاڭا يار.
سۆزلەرىدە مەئنە بار،
نەۋرۇز مۇبارەك باد.

شەكلىدىكى 21 ـ كۆپلېتىدا «باخشى» تەخەللۇسى ئۇچرايدۇ.

باخشى قۇل

1. توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسى 11981 ـ 8 ـ نومۇرلۇق ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان 7 بېيىتلىق قىتئەنىڭ 5 ـ بېيىتىدا:

پادشاھلار كۆپ كۆرۈپتۇر باخشى قۇل،
سىز كەمالۇ فەزلىنىڭكى دۇرجى سىز.

2. توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسى 11981 ـ 12 ـ نومۇرلۇق ئۇستىگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئاستىغا ئەرەب يېزىقى بىلەن قوشۇپ يېزىلغان 5 بېيىتلىق غەزەلنىڭ 5 ـ بېيىتىدا:

كۆز ئۇچىدىن بىر نەزەر قىلغىل زەكاتى ھۇسن ئۈچۈن،
باخشى قۇلغاكىم مەھەللى لۇتفۇ ئىھساندۇر بەگىم.

3. توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسى 11981 ـ 10 ـ نومۇرلۇق ئۇستىگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئاستىغا ئەرەب يېزىقى بىلەن قوشۇپ يېزىلغان 5 بېيىتلىق غەزەلنىڭ 5 ـ بېيىتىدا:

باخشى قۇل ئەۋۋەلدە دەھشەتسىز ئەيۇر ئەرد سۆزىن،
ئەمدى سورغىل كى خىجالەتتىن ئانىڭ ھالى نەدۇر.

4، 5. توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسى 11981 ـ 9 ـ نومۇرلۇق ئۇستىگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئاستىغا ئەرەب يېزىقى بىلەن قوشۇپ يېزىلغان 5 بېيىتلىق غەزەلنىڭ 5 ـ بېيىتىدا:

سائادەت چۈن ئەزەلدە بار ئىممىشدۈك،
تاقى بۇ باخشى قۇلغا يار ئىممىشدۈك.
پادىشاھتىن باخشى قۇلغا كۆپ ئىنايەت بار ئېدى،
ئۇشبۇ يىل بايراملىق ئول گۈلدەستە رەيھاندۇر يانا.

6. توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسى 11981 ـ 3 ـ نومۇرلۇق ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان 5 ـ بېيىتلىق غەزەلنىڭ 5 ـ بېيىتىدا:

جەفادىن ئۆزگە قۇلۇڭ باخشى كۆرمەدى سەندىن،
سېنى ۋەفاسىزۇ نامەھرىبان دېمەي نە دەيىن.

دىگەندەك «باخشى قۇل» تەخەللۇسى بىلەن ئۇچرايدۇ.

**تۈركىستانى باخشى ۋە باخشى تۈركىستانى**

شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى ئۆزىنىڭ تۈركىستانلىق ئىكەنلىكىنى شېئىرلىرىدا مۇنداق ئىپادىلىگەن:

1. توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسى 11981 ـ 4 ـ نومۇرلۇق ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان 7 بېيىتلىق غەزەلنىڭ ماۋزۇسىنى قىزىل رەڭ بىلەن «تۈركىستانى باخشى ئايتۇر» دەپ باشلىغان. شېئىرنىڭ ماۋزۇسىدىكى بۇ تەخەللۇسى 7 ـ بېيىتتا يەنە مۇنداق شەكىلدە ئۇچرايدۇ:

ئۇشبۇ تۈركىستانى باخشى ھەسرەتىڭدە تۈنۇ كۈن،
كۆزلەرىدىن دۇر تۆكۈپ ئايتۇركى خانىم قايدا سەن.

2. توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسى 11981 ـ 3 ـ نومۇرلۇق ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان 7 بېيىتلىق غەزەلنىڭ 7 ـ بېيىتىدا:

تۈركىستانى باخشىنىڭ بېگىم قوۋما قاشىڭدىن،

دىگەندە «تۈركىستانى باخشى» تەخەللۇسى بىلەن ئۇچرايدۇ.

3. توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسى 11981 ـ 9 ـ نومۇرلۇق ئۈستىگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئاستىغا ئەرەب يېزىقى بىلەن قوشۇپ يېزىلغان 17 بېيىتلىق قەسىدەنىڭ 15 ـ بېيىتىدا:

چۈنكى ئايدى بۇ قەسىدە باخشى تۈركىستانى ئول،
تەبئىنىڭ ئاسارى بۇ نەزم ئىچرە بەرراندۇر يەنە.

دىگەن تەخەللۇس بىلەن ئۇچرايدۇ.

شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشىنىڭ قوللانغان تەخەللۇسلىرى بولسا «شەخزادە ئابدۇرەززاق باخشى»، «ئابدۇرەززاق شەيخزادە باخشى»، «ئابدۇرەززاق» ۋە «شەيخزادە» دىگەندەك ناملار بىلەن ئۇچراپلا قالماي، مۇنداق شەكىلدىمۇ ئۇچرايدۇ.

**شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى**

ئىستانبۇلدىكى سۇلايمانىيە كۇتۇپخانىسىنىڭ ئاياسوفيا بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقان 4757 ـ نومۇرلۇق ئۇستىگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئاستىغا ئەرەب يېزىقى بىلەن قوشۇپ يېزىلغان بىر مەجمۇئەنى شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى يازغان بولۇپ، بۇ مەجمۇئە ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق»نى،

سىر ھەيدەرنىڭ «مەخزەنۇل ـ ئەسرار»نى، لۇتفىنىڭ 9، سەككاكىنىڭ 3 غەزىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

مەجمۇئەنىڭ تەييارلانغان ۋاقتى مەجمۇئەدىكى ئىككىنچى ئەسەر «مەخزەنۇل ـ ئەسرار»نىڭ يازغۇچى خاتىرىسىدە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «تارىخ سەككىز يۈز سەكسەن تۆرتتە، توڭغۇز يىلى، زۇلقەئدە ئايىنىڭ ئون يەتتەسىدە شەنبە كۈنى تەمام بولدى. دەۋلەت كەلسۇن، مىھنەت كەتسۇن تىپ، شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى قوستەنتەنىيەدە بىتدى.»

مەجمۇئەنى تەييارلىغۇچىنىڭ ئىسمى «شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى» بولۇپ، خاتىرىلەنگەن ۋاقىت «ھىجرىيەنىڭ 884 ـ يىلى زۇلقەئدە ئايىنىڭ ئون يەتتىسى» (توڭغۇز يىلى) مىلادىيە 1480 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ. فاتىخ سۇلتان ئىككىنچى مەھمەت بولسا 1481 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ۋاپات بولغان بولۇپ، بۇ مەجمۇئە فاتىخ سۇلتاننىڭ ۋاپاتىدىن ئىلگىرى تەييارلانغان ۋە فاتىخ سۇلتان ئىككىنچى مەھمەتكە ھەدىيە قىلىنغانلىقى ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىن.

مەجمۇئەنىڭ ئاخىرقى بېتىگە «بايەزد بىن مەھمەدخان، ئەل مۇزەففەر» دېگەن مۆھۈر بېسىلغان. بۇنداق بولغاندا، بۇ مەجمۇئە فاتىخ سۇلتان ئىككىنچى مەھمەتنىڭ ئوغلى سۇلتان ئىككىنچى بايەزدنىڭ كۇتۇپخانىسىغا يەتكۈزۈپ بېرىلگەن بولۇپ چىقىدۇ .

ئابدۇرەززاق شەيخزادە باخشى

1. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان يېگانە نۇسخىسىنىڭ 185 ـ بېتىدىكى «تۈگەندى قۇتادغۇ بىلىك كىتابى، تارىخ سەككىز يۈز قىرىق ئۈچ يىل تا قوي يىل مۇھەررەم ئايىنىڭ تۆرتى ھېراتتا» ۋە تولۇق يېزىلغان 189 ـ بەتتىكى «تارىخ سەككىز يۈز قىرىق ئۈچتە قوي يىل ئاخىرى مۇھەررەم ئايىنىڭ تۆرت ياڭسى ھېرا شەھرىندە بىتىلدى» دېگەن خاتىرىگە قارىغاندا، بۇ ئەسەر «ھىجرىيەنىڭ 843 ـ يىلى مۇھەررەم ئايىنىڭ تۆرتى» (قوي يىلى)، مىلادىيە 1439 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كۆپەيتىلگەن. 189 ـ بەتنىڭ ئاخىرىدىكى 4 قۇردىكى كۆپەيتكۈچىنىڭ خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان: «تارىخقا سەككىز يۈز يەتمىش توقۇزتا يىلان يىل بۇ «قۇتادغۇ بىلىك» كىتابىنى ئابدۇرەززاق شەيخزادە باخشى ئۈچۈن ئىستانبۇلدا تۇقاددىن فەنارى ئوغلى قازى ئالى بىتىك ئىبەرىب كەلتۈردىلەر. مۇبارەك بولسۇن، دەۋلەت كەلسۇن، مىھنەت كەتسۇن.»

ئابدۇرەززاق

1. شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان نۇسخىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېتى بولغان 190 ـ بېتىگە پەقەت قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن 5 تۇيۇق يېزىپ قويغان. تۇيۇقلارنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپلا ئەرەب يېزىقىدا يازغان مۇنداق بېيىتلار ئۇچرايدۇ:

ئابدۇرەززاق سۆزلەرىن ئايدى ساڭا،

بار ئېسە تەبئۇڭ جەۋابىڭ بەر ئاڭا.

شەيخزادە

1. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان نۇسخىسى 190 ـ بېتىنىڭ ئاخىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان بىر ئىمزا، ئاستىدا ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان «باخشى بەلگىسى» بار.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان ئىمزانى رەشىد رەھمەتى ئارات مۇقىملاشتۇرماي، «شەيخزادە

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

بەلگۈچى؟» دەپ تىرانسكرىپسىيە قىلغان. ئوسمان فىكرى سەرتقايا توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسىدىكى لوتفىنىڭ ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان 11981 ـ 13 ـ نومۇرلۇق تويۇقىنىڭ ئاخىرىغا قويۇلغان ئىمزا بىلەن توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسى ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشىنىڭ 11981 ـ 3 ـ نومۇرلۇق 5 ـ بېيىتلىق غەزىلىنىڭ ئاستىدىكى ئوخشاش بىر ئىمزانى تىرانسكرىپسىيە قىلغان. بۇ ئىككى ئىمزانىڭ ياردىمىدە رەشىد رەھمەتى ئارات «شەيخزادە بەلگۈچى؟» دېگەن تىرانسكرىپسىينى «شەيخزادە بەلگۈم چىن» دەپ تۈزىتىشكە توغرا كەلدى. ئوسمان فىكرى سەرتقايا «شەيخزادە بەلگۈم چىن ئىبارىسىنى «چىن بەلگەم شەيخزادە تۇرۇر» دەپ چۈشەنمەك ۋە «ھەقىقەتەن بەلگەم شەيخزادە تۇرۇر» دەپ تەرجىمە قىلىشنى مۇۋاپىق كۆرىدۇ. بۇنداق بولغاندا، بۇ ئىمزادىمۇ «شەيخزادە» تەخەللۇسىنى ئۇچرىتىمىز.

يۇرتى

شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى ئانادولۇغا سەمەرقەندتىن كەلگەن. ئۆزىنىڭ سەمەرقەندلىكلىكىنى 11981 ـ 7 ـ نومۇرلۇق ئەرەبچە يېزىلغان 9 بېيىتلىق شېئىرىنىڭ 5 ـ بېيىتىدا تېخىمۇ ئېنىق يازغان:

بېگىم ھەزرەتى باخشىنىڭ سۆزى بار،
خۇدا بولسۇن ھەر ئىشتا بېگىمە يار.
بۇ قۇلنىڭ خاترى ئات ـ ئېتى ئىستەر،
كى بەرگىل تابلاسىندا بىر ساقات بار،
ساقات ئات يىيەن ئارپا زايىئ ئولۇر،
ئانىڭ ئۆچۈن دان ئاتلارنىڭ يېرى تار.
ئانى بىسمىل قىلىپ باستۇرما قىلاي،
قىشلىق ساۋۇغ (لۇ)غىدىن چۈن ئەسەر بار.
سەمەرقەند ئېلى سەۋەر ئات ئېتىنى،
بۇ ئەللەردە بەسى مەقبۇل ھاۋيار.

شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشىنىڭ كۆپەيتكەن ئەسەرلىرى ئىچىدە يېزىلغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزاق بولغىنى «فاتىخ سۇلتان ئىككىنچى مەھمەت يارلىغى»دۇر.

فاتىخ سۇلتان ئىككىنچى مەھمەتخان 1473 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۇزۇن ھەسەنبەگنى مەغلۇپ قىلىدۇ ۋە زەپەر خۇش خەۋىرىنى 1473 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى قاراھىساردا شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشىنىڭ قەلىمىدە ئۇستىگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئاستىغا ئەرەب يېزىقى بىلەن قوشۇپ يېزىلغان 201 قۇرلۇق يارلىقى ئارقىلىق مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە ئۇقتۇرغان. بۇ يارلىقنىڭ يېزىلغان ۋاقتى: «تارىخ سەككىز يۈز يەتمىش سەككىزدە، يىلان يىلى رەبىئۇل ـ ئاخىرنىڭ بەشىدە قاراھىسارتا ئەرۇرتە بىتىلدى» دەپ يېزىلغان. يېزىلغان ۋاقتى ھىجرىيەنىڭ 878 ـ يىلى رەبىئۇل ـ ئاخىرنىڭ 5 ـ كۈنى، مىلادىيە 1473 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ يارلىقنىڭ يېزىلغان ۋاقتىغا ئاساسەن شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشىنىڭ ئانادولۇغا فاتىخ سۇلتان ئىككىنچى مەھمەت دەۋرىدە كەلگەنلىكىنى بىلىشكە ۋە ئىسپاتلارغا قاراپ 1473 ـ يىلىدىن باشلاپ ئوسمانلى سۇلتانلىقى سارىيىدا ئىشلىگەن دېيىشكە بولىدۇ.

شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى فاتىخ سۇلتان ئىككىنچى مەھمەت ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان ئىككىنچى بايەزدنىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ. توپقاپى سارىيىنىڭ ئارخىپخانىسى 11981 ـ 5 ـ نومۇرلۇق بايەزدكە مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەر ئارىسىدا 3 غەزەل ۋە بىر پارسچە ئىلتىماس بار. بىرىنچى غەزەل ئەلىشىر نەۋائىينىڭدۇر. ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى غەزەللەر بولسا شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ غەزىلىگە يازغان نەزىرەلەردۇر. شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشى بۇ غەزەللىرىدە سۇلتان ئىككىنچى بايەزدكە مەدھىيە ئوقۇغان.

ھازىرغىچە شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يازغان 5 تۇيۇق ۋە 3 ئىمزاسى، ئۈستىگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئاستىغا ئەرەب يېزىقى بىلەن قوشۇپ يېزىلغان 3 قەسىدە ۋە 2 غەزەل، ئەرەب يېزىقى بىلەن يازغان 1 قەسىدە، 7 غەزەل، 1 قىتئە ۋە 1 باھارىيياتى، جەمئىي 45 پارچە ئەسىرى بايقالغان ھەم ساقلىنىۋاتىدۇ.

ئاخىرىدا شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشىنىڭ 15 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا فاتىخ سۇلتان ئىككىنچى مەھمەت ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان ئىككىنچى بايەزدنىڭ سارىيىدا ياشىغان، فاتىخ سۇلتان ئىككىنچى مەھمەت ۋە سۇلتان ئىككىنچى بايەزدنىڭ شەرقتىكى تۈركىي خەلقلەرگە ئەۋەتكەن مەكتۇب (بىتىگ) ۋە پەرمان (يارلىق)لىرىنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئەرەب ھەرپى بىلەن چاغاتايچە يازغان سەمەرقەندلىك كاتىب بىلەن «باخشى»نىڭ بىر كىشى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز.

شەيخزادە ئابدۇرەززاق باخشىنىڭ ئۈستىگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئاستىغا ئەرەب ھەرپى بىلەن چاغاتايچە يازغان ئەسىرىدىن بىر ئۆرنەك.

ئىزاھاتلار:

(1) تەپسىلاتى ئۈچۈن بۇ ماقالىگە قاراڭ:

Ayse Gul Sertkaya: Dogu Trkcesi ile yazilmis leftunesirli bir kasidenin kaynaklari uzerine dusunceler, Ilmi Arastirmalar, 7, Istanbul, 1999, s177 – 190.

(2) تەپسىلاتى ئۈچۈن بۇ ماقالىگە قاراڭ:

Ayse Gul Sertkaya: Seyh – zade Abdurrazal Bahsi Bahariyyesi ve Nevruz beyitliri, Meslek Hayatinin 25. yilinda Ptof. Dr. Abdulhaluk M. Cay Armagani, II. Ankara, 1998, s 1395 – 1408.

«ئەلىشىر نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 560 يىللىقى، ۋاپات بولغانلىقىنىڭ 500 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا ئوقۇلغان ماقالىلەر»، (2001 ـ يىلى ئاينىڭ 24 ـ، 25 ـ كۈنلىرى) (تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئاتا تۈرك نامىدىكى مەدەنىيەت، تىل ۋە تارىخ ئالىي ئىلمىي جەمئىيىتى، تۈرك تىلى ئىلمىي جەمئىيىتى نەشرى: 825، 2004، ئەنقەرە)

(تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىغا ئاغدۇرغۇچى خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتىدا)

# بىر رۇبائىي توغرىسىدا ئىككى ئېغىز سۆز

خۇدابەردى ئابدۇللا

ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «خەمسە»، «لىسانۇت ـ تەير»، «مەھبۇبۇل ـ قۇلۇب» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلىرى قاتارىدا تۈرلۈك تېما، مەزمۇنلاردا يېزىلغان غەزەل، رۇبائىي، تۇيۇق، قىتئە، ساقىنامىلىرىمۇ تارىخنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرى، چاڭ ـ توزانلىرىدا كۆمۈلۈپ قالماي بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلىپ، خەلقىمىز بىلەن بىللە ياشاپ كەلمەكتە. شائىرنىڭ شانۇ شەۋكەتلىك رۇبائىيلىرى ئارىسىدا تۆۋەندىكى بىر رۇبائىيسى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

غۇربەتدە غەرىب شادمان بولماس ئىمىش،
ئەل ئاڭا شەفىقۇ مېھرىبان بولماس ئىمىش.
ئالتۇن قەفەس ئىچرە گەر قىزىلگۈل بىتسە،
بۇلبۇلغا تىكەندەك ئاشيان بولماس ئىمىش.

«ۋە، ھەم، بىراق» دېگەندەك قوشۇمچىلاردىن خالىي، توپ سۆزنى قاپىيە قىلىپ كەلگەن، «بولماس ئىمىش» رادىپلىق بۇ رۇبائىي 500 يىلدىن بۇيان قىممىتىنى يوقاتماي تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىليونلىغان خەلقلەرنىڭ قەلبىدىن، خاتىرە دەپتىرىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئوقۇرمەنلەرگە ئېستېتىك زوق بېرىپ كەلمەكتە.

بۇ رۇبائىينىڭ يېزىلىش ئارقا كۆرۈنۈشى مۇنداق: 12 يېشىدا ئاتىسىدىن يېتىم قالغان ئەلىشىر نەۋائىي مەكتەپتىن ئايرىلىپ ساۋاقدىشى، دوستى ھۈسەين بايقارا بىلەن بىللە ئەبۇلقاسىم بابىر ئوردىسىدا خىزمەت قىلاتتى. 1456 ـ يىلى ئەبۇلقاسىم بابىر تەختىنى ھىراتتىن مەشھەدكە كۆچۈرگەندە، ئەلىشىر نەۋائىيمۇ ھۈسەيىن بايقارا بىلەن بىللە باردى. بىراق، بىر يىلدىن كېيىن ئەبۇلقاسىم بابىر ۋاپات بولدى، خۇراسان يەنە تاجۇ تەخت تالىشىش جاڭجىلى ئىچىدە قالدى. تاجۇ تەخت ئارزۇسىدا يۈرگەن ھۈسەيىن بايقارا بۇ جاڭجاللارغا ئارىلىشىپ كەتتى. ئەمدىلا 15 ـ 16 ياشلارغا كىرگەن ئەلىشىر نەۋائىي شاھ ئوردىسىدا بولسىمۇ، ئاتا ـ ئانىسىز بىچارىلەرچە مىسكىن تۇرمۇش كەچۈردى. توغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى ھىراتنى سېغىنىپ كېچە ـ كۈندۈز ھەسرەت چەكتى. مانا مۇشۇنداق ئازابلىق كۈنلەردە ئۆزىنىڭ ئوردىدىن زېرىككەنلىكى، يۇرتىنى سېغىنغانلىقىنى ئالتۇن قەپەستىكى بۇلبۇلنىڭ توغۇلغان يۇرتىغا بولغان

ھېرىسمەنلىكى، شەيدالىقى بىلەن ئوبرازلىق ئىپادىلىدى.

بۈگۈنكىدەك شائىرلار كۆپلەپ مەيدانغا كېلىۋاتقان دەۋردە، بۇ رۇبائىينىڭ شۇنچە ئۇزاق يىل ئۆمۈر كۆرۈشتىكى سىرىنى ئېچىش تولىمۇ ئەھمىيەتلىك. چۈنكى، ھازىر شېئىرلارنىڭ ئۆمرى بەكمۇ قىسقا، كۆپىنچىسى ئىگىسىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ، خەلقنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ ئاپتورنى خىجىل قىلماقتا.

پۈتۈن ھاياتىنى ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى مۈكەممەللىكى، ھۆرلۈكى ئۈچۈن سەرپ قىلغان مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائىي بۇ رۇبائىيدا ئالىيجانابلىقنى، ئىنسانپەرۋەرلىكنى ۋە گۇمانىستىك غايىسى بولغان ئەركىنلىكنى گۈزەل تىل بىلەن ئوبرازلىق بايان قىلغان. بۇ رۇبائىينى ئوقۇغانلار ئەلىشىر نەۋائىينىڭ يوقسۇل، نامرات، ئاجىز، مىسكىنلەرگە ھېسداشلىق قىلىپ، يوقىرى تەبىقە ـ ئوردا ئەھلىدىن يىرگىنىشتەك ئالىيجاناب پەزىلىتىدىن تەسىرلىنىدۇ.

شائىر بۇ رۇبائىينىڭ باشتىكى ئىككى مىسراسىدا نامرات ـ غېرىب ئادەمنىڭ كۆڭلى خۇشال بولمايدىغانلىقى، كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا كۆيۈنۈپ شەپقەت قىلمايدىغانلىقى، نامراتلىقنىڭ بەختسىزلىك، ئازابلىق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئاچچىق ھەقىقەتنى ئىنكاس قىلغاندىن كېيىن، ئوردا ـ سارايدىكى ھەشەمەتلىك كۇنلەرنىڭمۇ كۆڭۈلسىز، مەنىسىز بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. شائىر بۇ ئوي ـ پىكرىنى بىۋاستە ئىپادىلىمەستىن، ئەركىنلىكتىن ئايرىلىپ قىزىلگۈل بىلەن بېزەلگەن قەپەسكە سولانغان بۇلبۇلنىڭ ھامان ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جاڭگال ـ دالادىكى ئۇۋىسىنى ئەسلەپ سېغىنىدىغانلىقىنى، ئالتۇن قەپەسنى تىكەنلىك ئۇۋىسىغا تەڭ قىلمايدىغانلىقى بىلەن سېلىشتۇرغان. بۇ رۇبائىينىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشتىكى سىرى — رۇبائىيدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان چوڭقۇر پىكىر، ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدىيەنىڭ ئىلغارلىقىدىن باشقا، شۇ پىكىر، ئىدىيەنىڭ گۈزەل بەدىئىي شەكىل بىلەن ئوبرازلىق، ئىخچام ئىپادىلەنگەنلىكىدە ۋە ئىدىيەنىڭ ئوبرازلاشتۇرۇلۇپ سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىدە.

ل. تولستوي «بەدىئىي ئەسەر نېمىنى ئەكس ئەتكۈزگەنلىكى، قانداق ئەكس ئەتكۈزگەنلىكى ۋە قانچىلىك چىن قەلبىدىن ئەكس ئەتكۈزگەنلىكى بىلەن ياخشى ـ يامان بولىدۇ. بۇ شەرتنىڭ كېيىنكىسى ئەڭ مۇھىم...» دېگەنىدى. چىن قەلبتىن ئۇرغۇپ چىققان ھېسسىيات سەمىمىي، ھەقىقىي بولىدۇ. ئادەملەرنى پەقەت شۇ سەمىمىي، ھەقىقىي تۇيغۇلار تەسىرلەندۈرۈپ، قەلبىنى لەرزىگە سالالايدۇ. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ بۇ رۇبائىينى خىيالغا تايىنىپ ئەمەس، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي سەرگۈزەشتىسى، روھىي دۇنياسىدا قوزغالغان ساپ ھېسسىيات، تۇيغۇنىڭ تەقەززاسى بىلەن تەبىئىي يازغاچقا، مىليونلىغان قەلبنى تەسىرلەندۈرۈپ ئەسىر قىلىۋالغان ۋە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن.

(ئاپتور «شىنجاڭ گېزىتى» پېشقەدەم كادىرلار باشقارمىسىدا)

تۇرنىسا روزى

# قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەللىك ئادىتى توغرىسىدا

غەربىي يۇرت ئىنسانىيەت مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى. بۇ خاسىيەتلىك زېمىن ئاسىيا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرا بەلۋېغىغا جايلاشقان. بۇ جايدا ئەۋلادمۇئەۋلاد ياشاپ كەلگەن خەلق ئىپتىدائىي ھايات دەۋرىنى، يەنى ئۇزاق داۋام قىلغان ياۋايىلىق ۋە نادانلىق دەۋرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، كونا - يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە خاس ئىپتىدائىي گۈزەللىك قارىشىنى يېتىلدۈرگەن.

قەدىمكى ئەجدادلار ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن تارتىپلا كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەت، پەرداز (گىرىم) بۇيۇملىرى جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ياراتقان.

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا مول بولغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش بىلەن بىللە، ئۆزلىرىگە خاس گۈزەللىك قارىشىنىمۇ تۇرغۇزغان.

گۈزەللىكنى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلىش ئىنسانلارغا ئورتاق ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەت بولۇپ، ئۇ ھەرقانداق ئىنساننىڭ تەبىئىتىدە تۇغما بولىدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ رېئال تۇرمۇشىدا ئۆزىنى جەلپ قىلىدىغان «گۈزەللىك» ئىبارىسىگە تولىمۇ مەپتۇن ۋە مەھلىيا. بۇ نۇقتىنى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا، ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىپ كېلىۋاتقان لىرىك شېئىرلار، ئەپسانە - رىۋايەتلەر، قىسسە - داستانلار ۋە ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

يېڭى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان قەدىمكى ئىز - خارابىلەردىن قەدىمىي تاش، سۆڭەك مارجانلار، ساھىبجامال ئانىلارنىڭ بەدەنلىرىگە چېكىلگەن ھەرخىل گۈل - نەقىشلەر، جەسەت بىلەن ئاخىرەتلىك بۇيۇم سۈپىتىدە كۆمۈلگەن تاش قاش قەلەم، تاش بوياق، سۆڭەكتىن ياسالغان سۇزگۈچ - تارغاق، مىستىن ياسالغان كۆرگۈ، ھالقا، بىلەزۈك، ئۈزۈك، مېدالىيون، زىرە، ئۇپا - ئەڭلىك ۋە پەرداز خالتىسى قاتارلىق ھەر خىل بېزەك پەرداز بۇيۇملىرى تېپىلغان.

گۈزەللىككە ئىنتىلىش ۋە ئۇنى سۆيۈش ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئادەملەردىن باشلانغان بولۇپ، ئەجدادلار ئۆزلىرى ئۆلتۈرگەن قۇش ۋە ھايۋانلارنىڭ تۈك ۋە پەيلىرىنى باش كىيىملىرىگە قاراپ، تەبىئىي بۇيۇملار بىلەن يۈز - كۆزلىرىنى پەردازلاپ، بەدەنلىرىگە گۈل - نەقىشلەرنى چېكىپ، قوللىرىغا بىلەزۈك، ئۈزۈك سېلىپ، قۇلىقىغا ھالقا تاقاپ، مەيدىسىگە مېدالىيون ئېسىپ، سۆڭەك ۋە ھەر خىل رەڭلىك تاشلار بىلەن ئۆزلىرىنى بېزىگەن. بۇ ناھايىتى يىراق قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا ئادەملەردە گۈزەللىك ئېڭى ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى، زىبۇ - زىننەت تاقاش ۋە پەرداز قىلىشقا

ئادەتلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

كۆنچى دەرياسى قىرغىقىدىكى قەبرىدىن تېپىلغان 4000 يىللىق تارىخقا ئىگە ئايال جەسەتنىڭ قالپىقىغا قۇش پەيلىرى بېزەك ئۈچۈن قادالغان. چەرچەن ناھىيەسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قەبرىدىن چىققان ئەر - ئايال جەسەتنىڭ يۈزىگە سېرىق رەڭلىك مىنېرال بوياقتا ئۈزگىچە گۈل شەكلىنى چىقىرىپ پەرداز قىلغانلىقى مەلۇم بولدى.

گۈزەللىكنى سۆيۈش ياكى ياسىنىش ئادىتى قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىكى تۈنجى ئەمگىكى جەريانىدا يېتىلگەن. ئىپتىدائىي تەپەككۇرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا قارىتا ھاسىل بولغان گۈزەللىك تۇيغۇ - ھېسسىياتتىن ئايرىلالمايدۇ. شۇڭا، ئۇ ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. گۈزەللىكنى سۆيۈش، گۈزەللىككە ئىنتىلىش بارلىق مىللەتتە ئورتاق ھالەت. ئەمما، ھەرقايسى ئىنسانلار توپلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەھۋالى، گۈزەللىك قارىشى، ياسىنىش ئادىتى پەرقلىق بولغاچقا، ئۇ ھالەتنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى ۋە ئادەت شەكلىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىشىغا ئەگىشىپ ئۆزىگە خاس مىللىي تۇسكە ئىگە ئادەت - ئەنئەنىلەرنى شەكىللەندۈرگەن.

ھىندىستانلىق مەشھۇر يازغۇچى تاگور «گۈزەللىك تۇيغۇسىنى سىڭدۈرمەي تۇرۇپ، ئىنسانىي كامالەتكە يەتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان.

1. ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەللىك ئەنئەنىلىرى

ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيادا تارقىلىش دائىرىسى كەڭ، باشقا تۈركىي مىللەتلىرىگە سېلىشتۇرغاندا تىل، ئۆرپ - ئادەت، كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەت جەھەتلەردە ئۈلگىلىك تەسىرگە، يېتەكچىلىك رولغا ئىگە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان مىللەت.

ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەللىك جەھەتتىكى قارىشى قەدىمىيلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆزىگە خاس، مىللىي پۇراققا ئىگە گۈزەللىك مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۆتمۈشتىن بۇيان گۈزەللىككە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ئۇلار كىيىنىش، ئۆزىنى زىننەتلەش ۋە پەرداز قىلىش جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس گۈزەللىك ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپلا قالماي، سىن - سىياق گۈزەللىكى جەھەتتىمۇ كۆچلۈك مىللىي تۇسكە ئىگە ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن، ئەرلەردە ساقال - بۇرۇتنى ياساش، چېچىنى چۈشۈرۈپ تۇرۇش، بېشىغا دوپپا، تۇماق، ئۈچىسىغا كۆڭلەك ياكى يەكتەك، پەشمەت - ئىشتان، پۇتىغا ئۆتۈك كىيىپ، بېلىگە بەلۋاغ باغلاپ، يېنىغا غىلاپلىق پىچاق، ساقال تارغاق قاپچۇقى، ھەميان ئېسىپ يۈرۈشنى سالاپەتلىكنىڭ بەلگىسى. ئىسلامىيەتتىن كېيىن، دىنىي قائىدە بويىچە ھەپتىدە بىر قېتىم يۇيۇنۇش، ساقال - بۇرۇتنى ياسىتىش دائىملىق ئادەتكە ئايلانغان.

قەدىمدىن تارتىپلا گۈزەللىكنى سۆيىدىغان ۋە گۈزەللىك بەرپا قىلىش ئۈچۈن ھارماي - تالماي كۆرەش قىلغان ئۇيغۇر ئاياللىرى قەيسەر، شىجائەتلىك بولغاچقا، ئۇلار تارىختىن بېرى ئۆز تۇرمۇشىغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



كېرەكلىك بۇيۇملارنىڭ زور كۆپچىلىكىنى ئۆزلىرى مۇستەقىل ياساپ ۋە باشقا ئەللەرگە تارقىتىپ، ئىجادچانلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن. ئۇلار مەيلى جاھالەت ھۆكۈم سۈرگەن ئىپتىدائىي دەۋرلەردە بولسۇن ۋە ياكى زامانىۋى پەن - تېخنىكا زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بۈگۈنكى دەۋردە بولسۇن، ھامان ئۆزلىرىنىڭ ئەپچىل قول - ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالمىغان.

بۇنى قەدىمكى خارابىلىكلەردىن تېپىلغان غەربىي يۇرت ئاھالىلىرىنىڭ ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىكى گۈزەللىك قاراشلىرى ۋە گۈزەللىككە ئىنتىلىشلىرىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. «كىروران گۈزىلى»نىڭ قەبرىسىدىن تېپىلغان ياغاچ تارغاق ۋە بۇ گۈزەلنىڭ بېشىدىكى بۆككە قىستۇرۇلغان ئاق پەي؛ ئاقسۇ كونىشەھەردىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان تاش سۈرمە، قاش قەلەم؛ چەرچەن زاغۇنلۇقىدىكى قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان ئايال جەسەتنىڭ قوڭۇر رەڭلىك ئىككى تال ئەشمە چېچى، ئىككى چېكىسىگە سىزىلغان گۈل ۋە يۈزىگە سۈرتۈلگەن ئەڭلىك؛ قۇمۇل قارادۆۋە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان 3200 يىللىق تارىخقا ئىگە قىز جەسەتنىڭ چېچىنىڭ ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلگەنلىكى؛ خوتەندىكى قەدىمكى خارابىدىن ياغاچ ساندۇققا بىللە دەپنە قىلىنغان ئەر - ئايال تېپىلغان بولۇپ، ئايال جەسەتنىڭ ئاخىرەتلىك بۇيۇملىرى سېلىنغان سېۋەتتىكى تارغاق، سۈزگۈچ، مىس ئەينەك ۋە ئۇلارغا كىيدۈرۈلگەن ھەر خىل رەڭدىكى ۋە ھەر خىل پاسوندىكى كىيىم - كېچەكلەرنىڭ تېپىلىشى، غەربىي يۇرت ئاياللىرىنىڭ قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا ھۆسن گۈزەللىكىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۆزىنىڭ گۈزەللىك قاراشلىرى بويىچە ياسىنىشقا، ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ھۆسن گۈزەللىكى جەھەتتە مىللىي تۈسكە ئىگە ئادەتلەرنى يېتىلدۈرگەن. بۇ ئادەتلەر ئۇيغۇر قىز - چوكانلىرىنىڭ تەبىئىي نەرسىلەر بىلەن پەرداز قىلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇر قىز - چوكانلىرىنىڭ قاش گۈزەللىكى ئۈچۈن ئوسما، كۆز گۈزەللىكى ئۈچۈن سۈرمە ئىشلىتىپ، قېشىنىڭ ئۇزۇن، كۆزىنىڭ قارا ھەم جۇلالىق بولۇشىنى گۈزەللىكنىڭ ئۆلچىمى قىلغان، چاچ گۈزەللىكى ئۈچۈن چېچىنى ئۇزۇن ئۆستۈرۈشكە، چاچ پاسونىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، چاچلىرىنى كۆپ ئۆرۈمە (41 تال، 16 تال)، تاق ئۆرۈمە (9 تال، 7 تال، 3 تال)، قوش ئۆرۈمە (بالچۇق چاچ، 2 تال)، ئەشمە چاچلارنى سالغان، چاچلىرىنى بۇدۇر قىلغان، بۇ دىۋاندا «بوغۇردا ساچ» دېيىلگەن. ھەتتا چاچلىرىنى تۇرمەكلەش ئۈچۈن چازا ئىجاد قىلغان. چاچ قەدىمدىن تارتىپ قىز - چوكانلىرىنىڭ ئۆز گۈزەللىكىنى نامايان قىلىدىغان ۋە چاچ شەكلى ئارقىلىق نىكاھلانغان ياكى نىكاھلانمىغانلىقىنى پەرقلەندۈرگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردا ياتلىق بولمىغان قىزلارنىڭ چېچىنى 15 تال، 17 تال، 21 تال، 41 تال قىلىپ تاق ئۆرۈگەن، پېشانىسىگە كوكۇلا چاچ قويغان. قىزلار توي قىلغاندىن كېيىن، كوكۇلا چېچىنى ئىككى تەرەپكە قايرىپ، سۇمبۇل چېچىنى جۈپ قىلىپ ئۆرۈپ، ياناق سېكىلەك چاچ قويغان. ئېرىدىن ئايرىلىپ قالغان ياش ئاياللار ياناق چاچ قويۇش بىلەن بىللە چېچىنى 5، 7، 9، 11 تال قىلىپ ئۆرۈگەن ياكى چېچىنى بىر تال قىلىپ ئۆرۈپ، ئۆزىنىڭ تۇللۇقىنى بىلدۈرگەن. نەۋرىلىك

بولغان ئاياللار بالچۇق، ياڭاق چاچ قويمايدۇ. ئىككى تال ئۇزۇن چاچ ئۆرۈپ، چاچ تەڭگە بىلەن جۈپلەشتۈرىدۇ. بۇ چاچ شەكىللىرىدىن ئۇلارنىڭ قىز ياكى ئايال ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرگەن. ئۇيغۇر ئاياللىرى قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ چاچ ئاسراشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەچكە، چاچ گۈزەللىكىنى ئاياللار گۈزەللىكىنىڭ مۇھىم بىر ئۆلچىمى قىلغان. ئۇيغۇر ئاياللىرى قول ۋە تىرناق گۈزەللىكىگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، تىرناق گۈزەللىكى ئۈچۈن خېنە ئىشلەتكەن، چىراي گۈزەللىكى ئۈچۈن يۈزىنى ئېچىش ۋە ئوپا ـ ئەڭلىك سۈرۈش، پېشانىسىنى ھەللەش، كالپۇكلىرىغا لەۋسۇرۇق سۈرۈش، زىننەت زىنىخى ياساش، خال چېكىش قاتارلىقلار بىلەن پەرداز قىلغان، ھەتتا پاختىدىن ئەڭلىك ياساپ ئىشلەتكەن. قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىكى ئۈچۈن تەبىئىي نەرسىلەردىن پەرداز بۇيۇملىرىنى ئىجاد قىلغان. خۇشبۇي بولۇش ئۈچۈن ئىپار، زەپەر، سەندەل، ئەنبەر قاتارلىقلارنى ساقلاشقا ئادەتلەنگەن. كۆكرەك گۈزەللىكى ئۈچۈن باغىرداق ئىشلىتىپ كەلگەن. كۆكرەك گۈزەللىكى جەھەتتىكى بۇ مەدەنىيەت بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرماقتا.

يۈز ئېلىش (يۈز ئېچىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ): بۇ چىراي گۈزەللىكى بويىچە قىلىنىدىغان يەنە بىر خىل پەرداز. بۇنىڭدا موچۇن ۋە مەشۇت يىپتا يۈز، قاپاق ۋە پېشانىدىكى يۇمران سېرىق تۈكلەرنى تازىلاپ يۈز ـ كۆزنى كۆركەملەشتۈرۈش مەقسەت قىلىنغاچقا، «يۈز ئېلىش ياكى يۈز ئېچىش» دەپ ئاتالغان.

ئۇيغۇر ئاياللىرى (ئىككى ئايال) بىر ـ بىرىگە ھەمكارلىشىپ، مەشۇت يىپنى يۈزگە سۈركەپ ھىممىرىش ئۇسۇلى بىلەن يۈزلىرىدىكى سېرىق تۈكلەرنى تازىلايدۇ، قاپاقلىرىنى موچۇندا تازىلايدۇ، قاشلىرىنى موچۇن بىلەن تېرىپ ئىنچىكىلەشتۈرىدۇ. يۈزلىرىنى ئېلىش ئالدىدا ئوپا سۈرتىدۇ.

يۈز ئېلىش ياكى يۈز ئېچىش ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۇزاق تارىختىن بۇيان قىزلار بالاغەتكە يەتكەندە ياتلىق قىلىپ، بىر ـ ئىككى باللىق بولغاندىن كېيىن، قىزلارنىڭ يۈزىنى ئېچىپ قويۇش ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى دەپ قارىلىپ كەلگەن. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئالاھىدە مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، قىزنىڭ رەسمىي ئاياللار قاتارىغا ئۆتكەنلىكىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن، مەخسۇس مۇراسىم ئۆتكۈزىدۇ. يۈز ئېچىشتىن بۇرۇن ئىككى نەپەر ئايال يۈزى ئېچىلغۇچىنىڭ باش ـ كۆزىنى يۇيۇپ ـ تاراپ، ماڭلاي ۋە سېكىلەك چېچىنى قايرىپ، چېچىنى ئىككى تال ئۆرۈيدۇ. يۈزىنى ئېلىپ، قاش ـ قاپاقلىرىنى تېرىپ، ئوپا ـ ئەڭلىك سۈرۈپ، چىرايلىق كىيىندۈرۈپ ياساندۇرىدۇ. بۇنداق ئادەتلەرگە پېشقەدەملەر ھېلىھەم ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە.

يۇقىرىدىكى پاكىتلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجادكار، گۈزەللىككە ئىنتىلىدىغان، گۈزەللىكنى سۆيىدىغان ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكىنى روشەن سۈرەتلەپ بېرىدۇ ھەمدە ئەينى ۋاقىتتىكى بۇ خىل گۈزەللىك مەدەنىيىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

2. زىبۇ ـ زىننەت جەھەتتىكى گۈزەللىك

ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولغان ئۇيغۇر گۈزەللىك مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا قەدەممۇ قەدەم يۈكسىلىپ، مۇكەممەللىشىپ بېيىپ بارغان. بۇ جەرياندا ئۇيغۇرلاردىن نۇرغۇنلىغان ئىجادكارلار يېتىشىپ چىقىپ، ئۇيغۇر گۈزەللىك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى، گۈللىنىشى ۋە

راۋاجلىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. ئۆزلىرىنىڭ يېڭىدىن ـ يېڭى، سىپتا، گۈزەل ھۈنەرلىرى بىلەن ئۆز دەۋرىدە شىنجاڭدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا داڭق چىقارغان.

ئۇيغۇر ئەر ـ ئاياللىرىنىڭ زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى، قۇلاق، بويۇن، بىلەك، بېغىش، بارماق ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىگە تاقايدىغان ھەرخىل بېزەكلەردىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر ئەر ـ ئاياللىرى ئۈنچە ـ مەرۋايىت، ھېقىق، رەڭلىك تاش، رەڭلىك قاشتاش، ئەينەك، مىس، قۇلۇلە قېپى، سۆڭەك، تاش، كۈمۈشلەردىن ياسالغان، ئاچ يېشىل، ھال قاتارلىق ھەرخىل رەڭدىكى مارجان، مېداليونلارنى بويۇنلىرىغا ۋە قوللىرىنىڭ بېغىشلىرىغا ئاسقان. ھەر خىل پاسوندىكى قىزىل ياقۇت قويۇلغان تۆچ ئۈزۈك، ئۈستىگە تاش قويۇلغان بىرونزا ئۈزۈك، كۈمۈش ئۈزۈك، مۆھۈر ئۈزۈك ۋە ئاق رەڭلىك مەرمەر تاشتىن ياسالغان ياپىلاق ھالقا، كونۇسسىمان قەغەز خالتا شەكىللىك بىرونزا ھالقا؛ بىرونزا سىم بىلەن ياسالغان كىچىك ھالقا؛ قېلىن قوغۇشۇن ھالقا؛ بىرونزا چاسا ھالقا قاتارلىق چىرايلىق زىبۇ ـ زىننەتلەرنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى زامانلاردىن تارتىپ تاقىغان.

ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلارغا ئاساسلانغاندا، لوپنۇر چۆللۈكىدىن تېپىلغان قەبرىستانلىقتىكى جەسەتنىڭ بوينىغا بىر بوغۇم پەي ۋە بىر تال كۆك رەڭلىك تاش مارجان ئېسىلغان. يەنە بىر قەبرىدىكى جەسەتنىڭ بوينىغا بىرنەچچە تال ئاق تاش مارجان بىلەن سەدەپ ئېسىلغان. بۇلاردىن باشقا، يەنە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئۇپال كەنتىنىڭ غەربىدىكى دالىدىن تېپىلغان تاش ھالقا، تاشقۇرغان ناھىيەسىنىڭ شىمالىدىكى شامبابا قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان مىس ھالقا، مىس ئۈزۈك، تۆمۈر بىلەزۈك، تۆمۈر ھالقا، مىس بىلەزۈك، سۆڭەك ۋە رەڭلىك تاشلاردىن ياسالغان مارجان، ئالتۇن قاداق قاتارلىق يادىكارلىقلار تېپىلغان. بۇ شۇ دەۋر ئۇيغۇر زىبۇ ـ زىننەت مەدەنىيىتىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى نامايان قىلىدۇ.

ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، زىبۇ ـ زىننەت مەدەنىيىتىمۇ تەرەققىي قىلدى. ئۇيغۇر ئەر ـ ئاياللىرى تەبىئەتتىكى ھەر خىل ئالتۇن، كۈمۈش، قاشتاش ۋە ياقۇتقا ئوخشاش قىممەتلىك مېتال ۋە تاشلاردىن زىننەت ئۈچۈن ئىنتايىن كۆركەم، گۈل ۋە يوپۇرماق رەسىملىرى چۈشۈرۈلگەن، سىپتا سەنئەت بۇيۇملىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۇلار بىلەن ئۆزلىرىنى زىننەتلەپ، تېخىمۇ گۈزەل كۆرۈنۈشكە تىرىشقان.

ئۇيغۇر ئەرلىرى ئۈزۈك، ئېگەر ۋە زۇننار ( كەمەر ) گە ئوخشاش نەرسىلەرنى بېزەش ئۈچۈن ئۇلارغا ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مىستىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىنى بېكىتكەن، ھەتتا ئېگەر ۋە كەمەرلىرىگە گۆھەردىن كۆز سالدۇرغان. ئاياللىرى قۇلاقلىرىغا ساپ ئالتۇن، كۈمۈشتىن ياسالغان ھەر خىل ياقۇت، تاشلاردىن كۆز سېلىنغان زىرە ـ سىرغىلارنى، جىڭگىلىك زىرە ۋە مەيخالىق زىرە قاتارلىق ھالقىلارنى سالغان، قوللىرىغا ھەر خىل پاسوندىكى ئۈزۈك ـ بىلەزۈكلەرنى تاقىغان، بويۇنلىرىغا قىممەت باھالىق تاشلاردىن ياسالغان ئاسما مارجانلارنى ئاسقان، كىيىملىرىنىڭ ياقىسىغا بۇلاپكا تاقىغان، چاچلىرىغا چاچباغ، چاچتەڭگە، ئالتۇن ۋە باشقا بۇيۇملاردىن قىلىنغان نەقىشلىق قىسقۇ، پىستان، تارغاق، گۈل تارغاق، گۈللۈك تاج، نوھۇل تاج قادىغان. چاچلىرىنى تۇرمەكلەش ئۈچۈن چاچ زىنچىلىرىنى، تاراش ئۈچۈن ئالتۇن تارغاق، ئالتۇن سۇزگۈچ، كېپىنەك گۈللۈك تارغاق قاتارلىق زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرىنى

ئىشلەتكەن. بۇ زىننەت بۇيۇملىرى ئۆزىنىڭ رەڭدارلىقى، چىرايلىقلىقى بىلەن داڭلىق بولغان. ئۇيغۇر ئەر - ئاياللىرى گۈزەللىكنى سۆيۈشتىكى ئۆز خاسلىقىنى خىلمۇخىل قىممەتلىك، كۆركەم زىبۇ - زىننەت جابدۇقلىرى ۋە ھەر خىل پەرداز بۇيۇملىرى بىلەن ئىپادىلىگەن.

3. كىيىم - كېچەك جەھەتتىكى گۈزەللىك

ئۇيغۇرلار گۈزەللىككە ئىنتىلىش، گۈزەللىكتىن ھوزۇرلىنىش ۋە گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە ئىجاد قىلىشتەك گۈزەللىك تۇيغۇلىرىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگىچە سىڭدۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ كىيىم - كېچەك گۈزەللىكى ۋە گۈزەللىك قۇرۇلمىسىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ، كىيىم - كېچەك گۈزەللىكى جەھەتتىكى ھۈنەر ۋە تېخنىكىسىنى شەرقىي ئاسىيا بىلەن جەنۇبىي ياۋروپا ئەللىرىگە تارقاتقان.

ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭ رايونى مۆتىدىل بەلباغنىڭ قۇرغاق ھاۋا ئىقلىم رايونىغا مەنسۇپ بولۇپ، تۆت پەسلىنىڭ ئايرىلىشى روشەن. شۇڭا، بۇ رايوندا ياشىغان ئۇيغۇرلار بۇ خىل مۇھىتقا ماس ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ماددىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن، ئۆز ئېھتىياجىنىڭ ئېھتىياجى، كىيىملىرى ھەم بوي ئىشلىتىش قېلىپىغا كۆرە ئىجاد قىلىنغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ رەڭ تۈرلىرى، گۈل نۇسخىلىرى، ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللىرى، تىكىش - بېزەشتە ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللانغان. مەسىلەن، رەڭ جەھەتتە: ئاق، قارا، قىزىل، سېرىق، شاپتۇل چېچىكى (ھال)، جىگەررەڭ، توپا رەڭ، سۆسۈن، بىنەپشە، كۆك، يېشىل، كۆل رەڭ مايسارەڭ ۋە باشقا ئارىلاشما رەڭلەردىن؛ گۈل نۇسخىلىرى جەھەتتە: دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھ، غول - ياپراق، كۆك ئاسمان ۋە ئاسمان جىسىملىرى، تاغ - دەريا، تۈرلۈك ھايۋانلار، قۇشلار ۋە ھاشارات شەكىللىرى، چىلتەك - جىيەك قاتارلىقلار؛ كىيىم - كېچەكلەرگە ئىشلەتكەن ماتېرىياللار: يۇڭ - تېرىلەر، يۇڭ، پاختا، يىپەكتىن ئىشلەنگەن بۇيۇم قاتارلىقلار؛ جىيەك - بېزەكلىرى جەھەتتە: تۈز سىزىق، پاراللېل سىزىق، يۈگىمەچ، چاقماق (ئالماش)، قوشقىراق، چاسا، تەڭگە ھەم تۇمارچە شەكىللەرنى قوللانغان. زىننەتلەش جەھەتتە، ھايۋانلارنىڭ چىشى، مۈڭگۈز - سۆڭەكلىرى، ھەرخىل يۇڭ، پاختا، مەشۇت، يىپەك، زەر يىپلار، گۆھەرتاش، ئۈنچە - مارجان، مېتال ۋە قوش پەيلىرى، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس جەز ۋە ئۆسۈملۈكلەردىن پايدىلانغان. تىكىش - بېزەش جەھەتتە: شىلىملاش (قاتۇرۇش)، چاپلاش، پەۋازلاش، تىكىش، شىرىش، باستۇرۇش، قاتلاش، كەشتىلەش، تورلاش، ئىلمە قىلىش، ئويۇش (ئويما قىلىش)، بېسىش (باسما قىلىش)، پۈرۈش، قاداش، چېتىش، بوياش، پىلتىلەشتىن ئىبارەت ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللانغان.

غەربىي يۇرت قەدىمدىن تارتىپلا ئۈجمە ئۆستۈرۈپ پىلە بېقىش، يىپەكتىن مەشۇت تارتىپ ھەر خىل رەڭدار كىمخاب، تاۋار - دۇردانىلارنى توقۇشتا دۇنياغا مەشھۇر. «غەربىي يۇرت توغرىسىدا خاتىرىلەر» دېگەن كىتابتا، خوتەندە ياۋا پىلە ئىنتايىن كۆپ، يىپەكتىن توقۇلغان شايى - ئەتلەس، چۇچۇنچىلەر ئىنتايىن پىششىق كېلىدۇ، پارقىراق ۋە ئېسىل بولىدۇ، دېيىلگەن.

ھەرقانداق توقۇلما بۇيۇمنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن پىششىق (مۇستەھكەم)، سىپتا ئېگىرىلگەن يىپ خام ئەشيا قىلىنىدۇ. بۇ خام ئەشيا قىلىنغان يىپ ھەرگىزمۇ تەبىئەت دۇنياسىدىن ئۆز پېتى تېپىلمايدۇ. ئەكسىچە ئۇنىڭغا مەلۇم مىقداردا ئىش قوشۇش ئارقىلىق شۇ ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى دەۋرلەردىلا توقۇمىچىلىق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا چاقنى ئىختىرا قىلىپ، ھەر خىل گۈللۈك، گۈلسىز، ئارىلاشما تالالىق رەختلەرنى توقۇغان. بۇ ھەقتە 11 - ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈيۈك ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسىرىدە «چىغرى» يىپەك ئېگىرىدىغان چاق، «كامان» بۆز ياكى گىلەم توقۇشتا ئارقاق بىلەن ئۇرۇچنى ئايرىيدىغان بىر خىل ئەسۋاب، «چەكىن» يىپەك رەختكە زەر بېسىش، «تەختۇ» ئېگىرىلمىگەن مەشۇت، دېگەن سۆزلەر تىلغا ئېلىنىپ ئىزاھلانغان.

چاق ئارقىلىق يىپ ئېگىرىش ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ بىرى. كەشتىچىلىكمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدە ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان ئىجتىمائىي كەسىپ. رەڭگارەڭ گۈل نۇسخىلىرى تىكىلگەن دوپپىلار، كەشتىلەنگەن رومال، كۆڭلەك، بەلباغ، بوۋاقلار ئىشتانپايپىقى، بۆشۈك ئوردا - تارتقۇسى قاتارلىقلار ئۇيغۇر كەشتىچىلىكىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن، داڭلىق، مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ تىپىك مەھسۇلاتى بولۇپ، ئۇيغۇر قىز - ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئائىلە قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

لاپارگ ئۆزىنىڭ «دىن ۋە كاپىتال» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە: «... ئاياللارنى ئىلاھلاشتۇرۇش ئەرلەرنى ئىلاھلاشتۇرۇشتىن بۇرۇن بولغان. مېتال پىششىقلاپ ئىشلەشتىن باشقا، سەنئەت ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكتىكى بىرىنچى تۈركۈم ئىجادىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەر ئىلاھلارغا ئەمەس، بەلكى ئايال ئىلاھلارغا مەنسۇپتۇر» دېگەن.

4. سىن - سىياق جەھەتتىكى گۈزەللىك

ئۇيغۇرلارنىڭ سىن - سىياق جەھەتتىكى گۈزەللىك قارىشى، مول ۋە كەڭ دائىرىدىكى مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىچىدىكى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولغان مۇھىم بىر تۈر ھېسابلىنىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار سىن - سىياق جەھەتتىكى گۈزەللىككە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، كىيىم - كېچەكلەرنىڭ پاكىز، رەتلىك، رەڭدار، يارىشىملىق، كۆركەم بولۇشى ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. ئۇيغۇر ئەرلىرى باشلىرىغا يۇڭ تىۋىتتىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ھەر خىل تۇماق ۋە قالپاقلارنى، رەڭگارەڭ چىمەن دوپپىلارنى كىيگەن، ئۇچىسىغا نىمچا، كەمزۇل، جىلىتكە، چاپان، تون، پەشمەت، يەكتەك، كۆكسى، ياقىسى ۋە پەشلىرىگە گۈل نەقىشلەنگەن يىپ ۋە چۇچۇنچە كۆڭلەك كىيگەن. بەللىرىگە پوتا، بەلباغ ۋە نەقىشلىق كەمەر باغلىغان، پۇتلىرىغا قىزىل، قارا ياكى بۇلغارى ئۆتۈك كىيگەن. ئۇيغۇر ئاياللىرى ھەر خىل يۇڭ، يىپەك توقۇلما رەختلەردىن ناھايىتى نەپىس، كۆركەم، يوللۇق پۇرمە كۆڭلەكلەرنى كىيگەن، كەشتىلەنگەن يىپەك قول ياغلىقلارنى تۇتقان. ئاياللار باغىرداق تاقىغان، ئەر - ئاياللارنىڭ شىم - تامباللىرىنىڭ پۇچاقلىرىغا گۈل كەشتىلەنگەن. ئاياللار كۆڭلەك ياكى نىمچا، ئۇستىگە نىم تاناپلار (تور يوپۇقلار) تارتقان. ئاياللار پۇتىغا تۇمشۇقى ۋە پاشنىلىرىغا زىننەت ئۈچۈن ھەر خىل تەڭگىلەر قادالغان، كەشتە قىلىنغان ئۆتۈكلەرنى كىيگەن. ئۇيغۇرلار يەنە قاما، كەمچەت، سۆسەر،

قوندۇز، بولغۇن قاتارلىق قىممەتلىك هايۋان تېرىلىرىدىن ھەر خىل جۇۋىلارنى تىكىپ كىيگەن. كىيىم - كېچەكلەرنىڭ كۆركەم، چىرايلىق بولۇشى ئۈچۈن، يەڭ، ئېتەك، پۆچقاق، پەۋاز - چەكلىرىگە مەشۇت، يىپەك، زەر يىپلاردا تورلۇك شەكىللەردە گۈللەر كەشتىلەنگەن، ئۈنچە - مارجان، چىلتەك - جىيەكلەر تۇتۇلغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى نەپىس ھەم يارىشىملىق، پاسون شەكىللىرى، گۈل نۇسخىلىرى ئۆزگىچە بولغانلىقتىن كۆزلەرنى قاماشتۇرغان. تاڭ سۇلالىسى مەزگىللىرىدە ئوردا ئەھلى، خان جەمەتى ئىچىدە «خۇفۇ» يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيىپ ئۇيغۇرچە ياسىنىش بىر خىل ئادەت بولغانىكەن. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىنىڭ نەقەدەر كەڭ بولغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك جەھەتتىكى گۈزەللىك قارىشىدا رەڭگى، پاسونى شەكلى ھەمدە گۈل - كەشتىلىرى مەلۇم قاراتمىلىقنى شەرت قىلغان بولۇپ، مەلۇم مەنىلەرنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئىشارەتلىك (سىمۋوللۇق) خاراكتېرگە ئىگە. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇيغۇر كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە مىللەت ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ھۈنەر - سەنئەت مەخسۇس كەسىپ سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىپ شۇ قەدەر تەرەققىي قىلغانكى، ئالتۇن - كۈمۈش، قاشتاش زىننەت بۇيۇملىرى، تېگىدىن گۈل - گىياھ چىقىرىلىپ توقۇلغان رەختلەر ئۆز دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە بازىرى ئىتتىك، داڭلىق مەھسۇلاتلارغا ئايلانغان. ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىشى ۋە زىبۇ - زىننەتلىرىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1 -، 2 - ئەسىرلەردىن ئىلگىرىلا ئۇيغۇرلارنىڭ يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرى يىپەك يولى ئارقىلىق رىم قاتارلىق مەشھۇر ئەللەرنىڭ بازارلىرىدا شۆھرەت تېپىپ، «زەر كىمخاب» دەپ ناھايىتى ئەتىۋارلىنىش بىلەن بىللە، يىپەك ماكانى ئۇدۇن (خوتەن)گە «يىپەك ئېلى» (Seris) دەپ نام بېرىلگەن.

ئۇيغۇرلار سودىگەرلىك ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، كۈندىلىك تۇرمۇش ئۈچۈن مول ماددىي ئاساس يارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، سىن - سىياق جەھەتتىكى گۈزەللىككىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى دەزماللاپ سۈپەتلىك كىيگەن.

مانا بۇلاردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېستېتىك قارىشىنىڭ يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئىنسانلاردىكى سىن - سىياق جەھەتتىكى گۈزەللىك ئەر - ئاياللارغا ئورتاق بولۇپ، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ بارلىققا كەلگەن. پۈتكۈل مەدەنىيەت ئىختىرالىرىغا ئۇلارنىڭ ئەمگىكى تەڭ مىقداردا سىڭگەن. ماركس: «ئاياللاردىن ئىبارەت بۇ ئېچىتقۇ بولمىغان بولسا، ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ...» دېگەن. چۈنكى، ئاياللار ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ گۈزەللىك تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر ئۇلۇش ھەسسىسىنى قوشقان. مىللەتلەر گۈزەللىكىنىڭ كۆپ خىل بولۇشىنى، رەڭگارەڭ تۈس ئېلىشىنى موھىم ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن.

ھازىرقى سەھنە سەنئىتىمىزدە ئارتىسلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى، مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا ھەرقايسى يۇرت (رايون)لارنىڭ ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، پەرقلىق يوسۇندا پاسونى، رەڭگى، گۈل نۇسخىلىرى رەڭگارەڭ بېزەلگەن بولۇپ، مىللىتىمىزنىڭ كۆپ قاتلاملىق كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنى ئاجايىپ يارقىن ئىپادىلەۋاتىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى گۈزەللىك قارىشى ھازىرقى گۈزەللىك مەدەنىيىتىنىڭ مول مەنبەسى، شۇنداقلا باشلىنىش نوقتىسى بولۇپ، ئۇ تارىختا رەڭگارەڭ مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تەمىن ئېتىدۇ.

يۇقىرىقىلار ئەينى زاماندىكى ئېتنىك مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمى بولۇپ، ئەينى زاماندىكى ئەجدادلار ئېتنىك مەدەنىيىتىنىڭ ھەممە تەرىپىنى، بولۇپمۇ تۇرمۇش، ئېتىقاد، ئالەم قارىشى، گۈزەللىك، ئېستېتىك، روھىيەت قاراشلىرىنى بىزگە يەتكۈزۈشتە كونكرېت، رەڭدار ۋە مىسلىسىز ئەۋزەللىكنى ساقلىغان تارىخنامىدۇر.

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ-زىننەت، پەرداز بۇيۇملىرى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، سان جەھەتتىن كۆپىيىپ، سەرخىللىشىپ، سۈپەت جەھەتتىن تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، مىللىي ئەنئەنە ئاساسىدا يېڭىلىنىپ تەرەققىي قىلغان بولۇپ، بوۋاق ۋە سەبىيلەرنىڭ باش كىيىملىرىگە پەيلەرنى قاداش، ئۇسما قويۇش، خېنە قويۇش، قاش ۋە يۈزلەردىكى ياۋا تۈكلەرنى يىپلاپ ئېلىش، ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈركەش، ئۈزۈك، ھالقا بىلەزۈك، مېدالىيون تاقاش قاتارلىقلار سۈپەت جەھەتتىن تېخىمۇ ياخشىلىنىپ، ھازىرقى زامان ئاياللىرىنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرمەكتە.

ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەت، پەرداز بۇيۇملىرى جەھەتتىكى گۈزەللىكى مىللىي خاسلىقىنى بىلدۈرىدىغان مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز ھەم يىلتىزىمىز ھېسابلىنىدۇ. يىلتىزغا سادىق بولۇش، ئەنئەنىنى ساقلاش، مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش، ئەۋلادلارنىڭ بۇرچ ھەم مەجبۇرىيىتى. بىز ئۆزىمىزگە خاس مىللىي مەدەنىيەت ئاساسىمىز بولغان بىر مىللەت سۈپىتىدە دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ ياشايمىز دەيدىكەنمىز، قەدىمكى يىلتىزىمىزنى ئوبدان بىلىشىمىز، ئەجدادلار ياراتقان گۈزەللىك جەھەتتىكى كىيىنىش ـ ياسىنىشتىن ئىبارەت يىلتىزىمىزنى چوڭقۇر قېزىپ، ئۇلارنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىق چۈشىنىپ، مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى ئىجادىي يوسۇندا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مىللىتىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان مىللىي ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ يارقىن جۇلالاندۇرۇپ، زامانغا لايىق، مىللىي خاسلىققا ئىگە يېڭىچە تەرەققىيات يۆنىلىشىنى تېپىپ چىقىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلالايدىغانلا بولساق، مول گۈزەللىك مەنبەسىگە ئىگە ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك، زىبۇزىننەت ۋە پەرداز سەنئىتى ھەممە كىشى ھەۋەس قىلىدىغان مودا ئېقىمغا ئايلىنالىشىدىن يەنە ئۈمىد بار.

(ئاپتور شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا)

ئابدۇراخمان زاكىر

# «زەخىرەئى خارەزم شاھى» ناملىق ئەسەر ھەققىدە

«زەخىرەئى خارەزم شاھى» يەنى «خارەزم شاھىنىڭ تېبابەت خەزىنىسى» دەپ ئاتالغان بۇ قەدىمىي ئەسەر ئەينى زاماندا ئىككىنچى ئىبنىسىنا دەپ ئاتالغان تېبىبىي ئالىم ھەكىم سەئىد ئىسمائىل جورجانى تەرىپىدىن ھىجرىيە 504 ـ يىلى (1110 ~1111) يېزىلغان بولۇپ، 900 يىللىق تارىخقا ئىگە. بۇ ئەسەر ئەينى زاماندا دۇنياۋى تېبىبىي ئەسەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەرقايسى ئەللەرگە تارقىلىپ، دۇنيادىكى بىردىنبىر تېبابەتچىلىك قامۇسى بولۇپ قالغان ۋە كىشىلەر ئارىسىدا تاكى ھازىرغا قەدەر ساقلانغان. بۇ ئەسەرنىڭ خارەزم شاھىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىشىدا، ئاپتور بۇ ئەسەرنى تېخىمۇ كۆپ خەلقلەرنىڭ ساغلاملىق ئۈچۈن پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلغان، ئەسلىي ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ كىتاب يېزىلىپ ئۇنىڭ نامىنى پادىشاھنىڭ نامى بىلەن جەمئىي قىلىپ ئۇنىڭغا ‹زەخىرەئى خارەزم شاھى› دەپ نام قويۇلدى. بۇ نام بىلەن پادىشاھ ۋە بۇ كىتابمۇ جاھانغا مەشھۇر ۋە مەئرۇف (تونۇشلۇق) بولغاي، ھەممە كىشىلەر مەنپەئەت ئالغاي ھەمدە ئۇنىڭدىن خاس ۋە ئومۇمىي ھالەتتە بەھرىمەن ۋە مەنپەئەتدار بولغاي، ئۇنىڭ نامى پادىشاھنىڭ نامى بىلەن مەڭگۈ ساقلانغاي.» خارەزم شاھى «ئەبۇل ـ فەتىھ مۇھەممەد» بۇ ئەسەرنىڭ يېزىپ جەمئىي قىلىنىشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن ۋە بۇ كىتاب يېزىلىپ پۈتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ئوردا خەزىنىسىگە كىرگۈزۈپ، ئوردا تېبابەت قامۇسى قىلىپ تۇرغۇزغان. بۇ ئەسەر ئەينى زاماندىكى تۈركىي مىللەتلىرى ئارىسىدا كەڭ قوللىنىلغان داڭلىق تېبابەتچىلىك قامۇسى بولۇپلا قالماستىن، قوشنا ئەللەردىمۇ ئومۇمىي ھالەتتە پايدىلانغان. يەنى، تۈركىي تىلدا يېزىلغان نۇسخىسىدىن باشقا، پارس تىلى، ئوردۇ تىلى قاتارلىق تىللاردا يېزىلغان ۋە تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلىرى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. قولىمىزدا ساقلىنىۋاتقىنى بۇ ئەسەرنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن قول يازما نۇسخىسى بولۇپ، 255 يىل ئىلگىرى قايتا كۆچۈرۈپ يېزىلغان. ئەسەرنىڭ باش بېتى ۋە ئاخىرقى بەتلىرىگە ئەينى زاماندا ئۆتكەن بەگلىكنىڭ مۆھۈرى بېسىلغان، بۇنىڭدىن بىلىشكە بولىدۇكى، كېيىنكى زاماندىكى بەگلىكلەرمۇ بۇ كىتابنى ئوردا خەزىنىسى سۈپىتىدە قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسى قاتارىدا ساقلىغان ۋە خەلق ساغلاملىقىنى كاپالەتلەندۈرۈشتە تېبىبىي دەستۇر سۈپىتىدە پايدىلانغان. بۇ ئەسەر 255 يىل ئىلگىرى ئاقسۇ رايونىنىڭ ئۈچتۇرپان ناھىيەسىدە ئۆتكەن ھاكىم خوجەسىبەگ تەرىپىدىن قايتا كۆچۈرۈلۈپ يېزىلغانلىقى مەلۇم. ئەسەرنىڭ ئاخىرقى بېتىگە بېسىلغان مۆھۈرى ئۈستىگە ئابدۇراھمان بەگ ۋە ئابدۇلئەزىز بەگ قاتارلىقلارنىڭ ئىسمى يېزىلغان، ئابدۇراھمان بەگ ئەسلىي خوجەسىبەگنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن بولۇپ، يەكەندە 1797 ـ يىلىدىن 1809 ـ يىلىغىچە بەگلىك يۈرگۈزگەن. دېمەك، بۇ بەگلىكمۇ بۇ ئەسەرنى ئوردا خەزىنىسى سۈپىتىدە ساقلىغان ۋە خەلق ساغلاملىقى ئۈچۈن قوللانغان. بۇ ئەسەر ئەسلىي 10 جىلد بولۇپ، بىزگىچە يېتىپ كەلگىنى تۈركىي يېزىقىدىكى بۇ بىر كىتاب، ئۈچ جىلدلىق نۇسخىسى. قول يازما ئەسەرنىڭ ھەجمى 44× 29 سانتىمېتىر، جەمئىي 780 بەت، 6 ـ،



این کتاب ذخیره خارزمی از تصانیف حکیم سید اسماعیل الجرجانی رحمه الله تعالی

7 ـ، 8 ـ جىلدتىن تەركىب تاپقان كىلىنىد ـ كىلىق داۋالاش قىسمى بولۇپ، باشتىن ـ ئاياغ پەيدا بولىدىغان ئاغ ـ رىقلار ۋە ئۇنى داۋالاش ئۇسۇللىرى بايان قىلىنغان. بىز بۇ ئەسەرنىڭ 900 يىلدىن بۇيان ئىنسا ـ نىيەتكە قوشقان تۆھ ـ پىسىنى يەنىمۇ داۋاملاشتۇرۇش ئۈ ـ چۈن، ئەسەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى ئۆزگەرتمەسلىك شەر ـ تى ئاستىدا تەرجىمە قىلىپ رەتلەش، قۇت ـ قۇزۇش خىزمەتلىرى ـ نى ئىشلەۋاتىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ ئەسەرنىڭ تولۇق نۇسخىسىنى، يەنى 10 جىلدنى خەلقىمىزگە سۇنۇش ئۈچۈن كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىپ، قالغان يەتتە جىلدنى جەملەپ بۇ ئەسەرنىڭ تولۇق نۇسخىسىنى نەشرگە تەييارلاۋاتىمىز. بۇ ئەسەر تۆت چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، نەزەرىيە ئاساسلىرى، كىلىنىك ـ لىق داۋالاش، يەككە دورا ۋە مۇرەككەپ دورىلاردىن تەركىب تاپقان، جەمئىي 1200 باب. بۇ ئەسەردە ئىنتا ـ يىن نازۇك ۋە قىيىن بايقىغىلى بولىدىغان كېسەللىكلەر ھەققىدىمۇ ناھايىتى ئىلمىي مەلۇماتلار بېرىل ـ گەن. مەسىلەن، مېڭىدە قۇرت پەيدا بولۇشتىن بولىدىغان باش ئاغرىقى بايان قىلىنغان، مېڭە قاپلىق قۇرت كېسىلى بولسا ھازىرقى زامان تېببىي ئىلمىنىڭ ئەڭ ئىلغار ئۈسكۈنىلىرى بىلەن بايقىغىلى بو ـ لىدىغان كېسەللىك بولۇپ، ھۆكۇما تېۋىپلىرىمىز نەچچە مىڭ يىل بۇرۇنلا يۇقىرىقىغا ئوخشاش مۇرەك ـ كەپ، قىيىن كېسەللىكلەرنىمۇ بايقىغان ۋە بىر يۈرۈش داۋالاش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى جىلد: تېبابەتچىلىكنىڭ تەرىپى، ئەھمىيىتىنىڭ بايانى، تۆت چوڭ ماددا، تۆت چوڭ خىلىت، مىزاج، كۈچ، ئادەم بەدىنىنىڭ ھاياتلىق ھەرىكىتى، بەدەندىكى ئەزالار تۈزۈلۈشىنىڭ بايانى قاتارلىقلار بولۇپ، ئالتە قىسىمغا بۆلۈنگەن.

ئىككىنچى جىلد: بۇ جىلد ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، 1 ـ قىسىم ئادەم بەدىنىنىڭ توقۇلما ۋە ئەزالىرىنىڭ تۈزۈلۈشىنىڭ بايانى، مۇتلەق ساغلاملىق بىلەن كېسەللىك ۋە مۇتلەق بولمىغان ساغلاملىق (ئىككىلەمچى ساغلاملىق) قاتارلىقلارنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى، كېسەللىك سەۋەبلىرى ۋە

پەرقلەندۈرۈش ئاساسلىرى. تومۇر رايى، چوڭ - كىچىك تەرەت ۋە تەر، بەلغەم قاتارلىقلارنىڭ رولى، مېخانىزمى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان؛ ئىككىنچى قىسىمدا ئادەم بەدىنىدە پەيدا بولىدىغان كېسەللىك ۋە ئەگەشمە كېسەللىكلەر بايان قىلىنغان.

ئۈچىنچى جىلد ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەن، 1 - چوڭ قىسىم يەتتە باب بولۇپ، ساقلىقنى ساقلاش تەدبىرلىرى، كىلىمات، تۇرالغۇ جاي، ھەرىكەت ۋە دەم ئېلىش توغرىسىدا بايانلار بار. بىرىنچى قىسىمدا سۇنىڭ، مىزاج، يېمەك - ئىچمەك، ئۇيقۇ بىلەن ئويغاقلىق، ھەرىكەت ۋە دەم ئېلىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى توغرا ئىگىلەشنىڭ بايانى؛ كىيىنىش، خۇش پۇراقلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ يۈرۈشنىڭ پايدىسى؛ مايلارنى سىرپ قىلدۇرۇشنىڭ تەدبىرى؛ دورا ئىستېمال قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى، قان ئېلىش ئۇسۇلى، لوڭقا قويۇش، كىلىزىم قىلىپ داۋالاش قاتارلىقلار بايان قىلىنغان. ئىككىنچى قىسىمدا روھىي ھالەت، ئويغاقلىق، تەشۋىشلىنىش، ئەقلىي تەپەككۇر، كۈچ، باللار، ياشانغانلار ۋە ھەر بىر شەخسنىڭ پەرقى، ياش قۇرامى، ھاياتلىق جەريانىدىكى ساغلاملىق تەدبىرى قاتارلىقلارنىڭ بايانى سۆزلەنگەن.

تۆتىنچى جىلد كېسەللىكلەرگە دىياگنوز قويۇش ئۇسۇللىرىنىڭ بايانى. ھەر بىر كېسەللىك تۈرىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى، كېسەللىك ماددىلىرى قانداق پىشىدۇ، بوھران قايسى دەرىجىدە تەرەققىي قىلىدۇ قاتارلىقلار ۋە ئۇنىڭغا دىياگنوز قويۇش ئاساسلىرى بايان قىلىنغان.

بەشىنچى جىلدتا قىزىتمىلىق كېسەللىكلەر ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتى، داۋالاش پىرىنسىپى بايان قىلىنغان.

ئالتىنچى جىلد كىلىنىكىلىق داۋالاش قىسمى بولۇپ، باشتىن پۇتقىچە پەيدا بولىدىغان كېسەللىكلەر، ھەرقانداق بىر كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ 1 -، 2 - قىسىمغا بۆلۈنگەن.

يەتتىنچى جىلد تاشقى زەخىملىنىش ۋە ئۆرۈلۈپ يىقىلىپ زەخىملىنىشنىڭ بايانى بولۇپ، ھەر خىل تاشقى زەخىملىنىش، بوغۇم كېسەللىكلىرى، ھەر خىل سۆڭەك سۇنۇق ۋە چىقىق قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۇسۇلى، داغلاپ داۋالاش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بۇ يەتتە قىسىمغا بۆلۈنگەن.

سەككىزىنچى جىلد شەخسىي تازىلىق ۋە بەدەننى ئاسراشنىڭ تەدبىرى ۋە ھۆسن تۈزەش قاتارلىقلار بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن.

توققۇزىنچى جىلد بارلىق زەھەرلىنىش خاراكتېرلىك كېسەللىك، زەھەر قايتۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى، ھايۋان ئىچكى ئەزالىرىنىڭ دورىلىق رولى قاتارلىقلار سۆزلەنگەن بولۇپ، بۇ ئالتە قىسىمغا بۆلۈنگەن .

ئونىنچى جىلد يەككە دورا ۋە مۇرەككەپ دورىلارنىڭ بايانى بولۇپ، بۇ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنگەن، بىرىنچى قىسىم يەككە دورىلارنىڭ بايانى بولۇپ، 38 بابقا بۆلۈنگەن. ئىككىنچى قىسىم مۇرەككەپ دورىلارنىڭ بايانى بولۇپ، بۇ 13 بابقا بۆلۈنگەن. دېمەك، بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى مول، كېسەللىك قانۇنىيىتىگە بولغان چۈشەنچىسى چوڭقۇر، رېئال تۇرمۇشتا يۈز بېرىدىغان ھەرقانداق كېسەللىكنىڭ سەۋەبلىرى، كېسەللىك جەريانلىرى ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرى، شۇنداقلا ئىشلىتىدىغان دورىلار تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇ ئەسەر «ئەلقانۇن»دىن قالسا ئەڭ چوڭ گىگانىت ئەسەردۇر. بۇ ئەسەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورىگەرلىكنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسى دېيىشكە بولىدۇ، شۇنداقلا ئىنتايىن زور تەتقىق قىلىپ ئېچىش، ئەمەلىي قوللىنىش قىممىتىگە ئىگە.



# ئۇيغۇرلاردا ئۆلۈم ئۇزىتىشقا دائىر ئېتنىك ئۆرپ - ئادەتلەر

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

## مۇقەددىمە

مەلۇمكى، ئىنسان پائالىيىتىنىڭ مەڭگۈلۈك ئابىدىسى بولغان فولكلورلۇق مەدەنىيەت ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ جۇغراپىيەلىك، تارىخىي - ئەنئەنىلىك، ئىجتىمائىي تۈزۈلمىلىك تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. مۇشۇ ئاساستا ئۆزىگە، ئۆز ئەنئەنىسىگە خاس فولكلورلۇق مەدەنىيەت سىستېمىسى ۋە چەمبىرى ھاسىل قىلىدۇ. ئانا ماكانىمىز مەركىزىي ئاسىيا ئەجدادلار ئاپىرىدە بولغان خاس ئانتىروپولوگىيەلىك رايونلارنىڭ بىرى بولۇپلا قالماي، يەنە بىرقانچە قاتلام مەدەنىيەت چەمبىرى ھاسىل قىلغان ئېتنولوگىيەلىك رايون بولۇپ، ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيەت چەمبىرى ئۇنىڭ ئۆلگىلىك جەلپكار بىر بوستانلىقى ھېسابلىنىدۇ.

يىراق تاش قوراللار دەۋرىدىن بۇيان ئانا تۇپراق مەركىزىي ئاسىيادا — تارىم - تەكلىماكان ۋادىلىرىدا ئاپىرىدە بولۇپ، بۇ مەئىشەتلىك زېمىندا ئاۋۇپ - كۆپىيىپ، جامائەلىشىپ، ئۆزىگە خاس بىر قاتار فولكلورلۇق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ياراتقان ئۇيغۇر خەلقى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ ئۇزاق تارىخىي يىلتىزغا ئىگە بولغان، ھەر خىل ئىقتىسادىي تۇرمۇش تىپى، ھەر خىل دىن ۋە مەدەنىيەت تىپى، ھەر خىل يېزىق شەكلى ۋە ھەر خىل تارىخىي قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، داۋاملىق ساقلىنىپ مەۋجۇت بولۇپ، ئىزچىل راۋاجلىنىپ كەلگەن تىپىك مەدەنىيەت مىللىتى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان مول فولكلورلۇق مەدەنىيەت تارىخى دەرياسىغا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، مەركىزىي ئاسىيا — تارىم - تەكلىماكان تىپىك يەرلىك فولكلورلۇق مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى جاۋاھىراتلىرىنىڭ چۆكمە (قاتلام) ۋە ئۆركىشىنى كۆرىمىز.

تارىختىن بۇيان پەيدىنپەي شەكىللەنگەن فولكلورلۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە، قويۇق مىللىي تۈس ئالغان ئۆرپ - ئادىتىمىز ئىچىدە ئەجدادلارنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىدىن تارتىپ شەكىللىنىشكە باشلىغان ئۆلۈم ئېڭى، چۈشەنچىسى، ئۆلۈمگە بولغان كۆز قارىشى، ئۆلۈمگە تۇتقان پوزىتسىيەسى، ئۆلۈمگە ھازا ئېچىش ئادەتلىرى ۋە ئۇسۇللىرى، چېچىنى كېسىش، قان چىقىرىش، يۈزىنى تىلىش قاتارلىق ئادەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشى، مېيىتنى ئۇزىتىش، يەنى دەپنە قىلىش ئادەتلىرى ۋە رەسمىيەتلىرى، نەزىر - چىراغ ئادەتلىرى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى، ئۇيغۇرلاردا ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن شەكىللەنگەن بۇ ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دەۋرلەردە تەدرىجىي زاۋاللىققا يۈزلىنىشى ياكى ئۆزگىرىشى قاتارلىقلار ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ، ئۆزلىشىپ، كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ قايнар بۇلىقىغا ئايلىنىپ كەلدى.

مەلۇمكى، ئۆرپ ـ ئادەت ــ ئېتىقادنى يادرو قىلغان پىسخىك ئامىل. ئۇ دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەردە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولغان مەدەنىيەت ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ. يېقىنقى زامان ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ نېگىزىنى سالغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان مەشھۇر پەيلاسوپ ۋىكو ئۆزىنىڭ 1725 ـ يىلى ئېلان قىلغان دەۋر بۆلگۈچ مۇھىم ئەسىرى «يېڭى پەن»دە بارلىق مىللەتلەردە، مەيلى ئۇ ياۋايى ياكى مەدەنىيەتلىك بولسۇن، ئۈچ تۈرلۈك «ئەبەدىيلىك ئومۇملاشقان ئۆرپ ـ ئادەت» مەۋجۇت، ئۇ بولسىمۇ، ھەممىسىدە مەلۇم بىر خىل دىن بار. «ھەممىسى بىردەك ئۆلگەن كىشىنى دەپنە قىلىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ①. دەرۋەقە، دۇنيادا ئۆرپ ـ ئادەتسىز مىللەت يوق، ھەممىمىز ئۆزىمىز تەۋە مىللەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت تۈرى ئىچىدە ياشايمىز. بىزنىڭ پائالىيىتىمىز باشتىن ـ ئاخىر مۇئەييەن ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ ھەيدەكچىلىكى ۋە چەكلىمىسى ئىچىدە بولىدۇ. مەلۇم بىر مىللەت ياكى ئىجتىمائىي كوللېكتىپقا نىسبەتەن ئۆزلىرى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئىجرا قىلىۋاتقان خاس ئۆرپ ـ ئادەتلىرى گويا ھاياتنىڭ قانۇنىيىتىدەك، تەبىئىي شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك تۇيۇلىدۇ. لېكىن، بۇنىڭغا ئىنچىكىلەپ دىققەت قىلغاندا، ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ھەرگىزمۇ تۇغما، تەبىئىي ۋە ئۆزگەرمەس نەرسە ئەمەس، بەلكى شۇ مىللەتنىڭ باللىق دەۋرىدىن شەكىللىنىشكە باشلاپ تەدرىجىي پىشىپ يېتىلگەن ئىجتىمائىي ھادىسىدىن ئىبارەت.

ئۆرپ ـ ئادەت ئاساسلىرى ئۇزاق ئۆتمۈشنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇ ئېنىق تارىخىيلىققا ئىگە. شۇڭا، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بەلگىلىك دەرىجىدىكى دىنىي ئەقىدە ۋە خۇراپاتلىقتىن خالىي بولالمايدۇ.

ئۆرپ ـ ئادەت ئالدى بىلەن روشەن مىللىيلىككە ئىگە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئومۇمىيلىققىمۇ ئىگە بولىدۇ.

تارىخ ـ ئارخېئولوگىيە مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ يىراق قەدىمكى زامانلاردىكى ئەجدادلىرىنىڭ ئۆلۈم ئېڭى ۋە چۈشەنچىسى، ئۆلۈمگە تۇتقان پوزىتسىيەسى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشاش بولمىغان، يەنى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى تارىختا ئەڭ دەسلەپ تەبىئەت ھادىسىلىرىگە چوقۇنۇشتىن تارتىپ شامان دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنى، زورو ئاستىر دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىقلارغا ئېتىقاد قىلغان بولغاچقا، دىنىي ئەھكام بىلەن ئۆلۈم ئېڭى بىرلىشىپ كەتكەن ھەرقايسى ئېتىقاد باسقۇچلىرىدا ئۆلۈم ئېڭىمۇ ھەر خىل بولغان. دېمەك، قايسى دىن ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان بولسا، ئۆلۈم ئېڭىمۇ شۇ دىنىنىڭ دۇنيا قارىشى ئاساسىغا قۇرۇلۇپ، خىزمەت قىلدۇرۇلغان. شۇڭا، ئەجدادلاردىكى ئۆلۈم ئېڭى ھەققىدە توختىلىشتىن ئاۋۋال، ئۆلۈم ئېڭى ئاپىرىدە بولغان تارىخىي شارائىت ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىش بۇ تېمىنى يورۇتۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

### 1. ئەجدادلاردا ئىپتىدائىي تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە دەسلەپكى روھىي ھادىسىلەر قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشى

مەلۇمكى، ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ يىراق قەدىمكى ئەجدادلىرى مەركىزىي ئاسىيانى ئۆزىنىڭ پائالىيەت مەيدانى ــ ئانا ماكانى قىلىپ، كونا تاش قوراللىرى دەۋرىدىن باشلاپ بۇ زېمىندا ئاپىرىدە بولۇپ، بۇ زېمىندا ياشاپ، بۇ زېمىندا ئاۋۇپ، جامائەلىشىپ كەلدى. بۇ زېمىندىكى ئىپتىدائىي جامائە ۋە ئۇرۇقداش قەبىلە شەكلىدىكى ئۇيۇشۇش، ئورتاق مىللىيەتلىك تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت چەمبىرىنىڭ ھاسىل بولۇشى، جۈملىدىن بۇ زېمىننىڭ ئېتنىك تەركىبى، مەدەنىيەت تۈسى ھەم ئېتىقاد خاسلىقلىرى ئەجدادلارغا ئەبەدىيلىك ھاياتىي ئىقتىدار بېغىشلىدى.

ئىپتىدائىي مەدەنىيەت جاۋاھىراتلىرى بىلەن ئالەمگە مەشھۇر بۇ قەدىمىي دىيار قەدىمكى ئىنسان

تۈركۈملىرىنىڭ جەسەتلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن تولغان. ھازىرغىچە ئانتروپولوگىيە، ئارخېئولوگىيە ۋە ئېتنوگرافىيە ئىلمى بۇ زېمىندىن كۆپلىگەن ماتېرىياللارغا ئېرىشتى.

ئاسىيا قىتئەسىنىڭ كىندىكى، مەركىزىي ئاسىيانىڭ يۈركى بولغان ئانا دىيارىمىز ئىنسانىيەتنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىدىن بىرى، بۇ يەر ئاسىيا قىتئەسىنىڭ دېڭىز - ئوكيانلاردىن يىراق بولغان ئوتتۇرا بەلبېغىغا جايلاشقان، ئەتراپى ئاسىيادىكى ئەزىم تاغلار — ئالتاي، تەڭرىتاغ، پامىر، قۇرۇم - قاراقۇرۇم، ئالتۇنتاغلىرى بىلەن ئورالغان، باغرىنى ھارارەتلىك تەكلىماكان چۆللۈكى كۆيدۈرۈپ تۇرىدىغان ھازىرقى شىنجاڭ رايونى نەچچە ئون مىڭ يىللىق ئىپتىدائىي ھايات مېلودىيەسى بىلەن تارىخقا كىرىپ كەلگەن. بۇ يۇرت ئاھالىسىنىڭ يىراق ئەجدادلىرى بۇ قەدىمىي سېھىرلىك زېمىندا ئۇزاق داۋام قىلغان ياۋايىلىق، ۋارۋارلىق، توپ - پادىلىق ۋە ساددا - نادانلىق دەۋرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، كونا - يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە خاس ئىپتىدائىي ئادەت - ئېتىقاد قارىشى تارىخىنى بېسىپ ئۆتۈپ، كېيىن يەنە بىرونزا (كۆك مىس) قوراللىرى دەۋرىگە كەلگەندە خېلى مۇستەھكەم ئىجتىمائىي ئادەتكە ئايلانغان بىر قاتار فولكلورلۇق ئۆرپ - ئادەتلىرىنى يېتىلدۈرگەن②.

دىيارىمىزدىكى سان - ساناقسىز قىيا تاش رەسىملىرى ھەم يۈزلەرچە ئىپتىدائىي قەبرە - يادىكارلىقلىرى بىلەن قەدىمكى شەھەر - قەلئە خارابىلىرىدىن تېپىلغان ئوبرازلىق يادىكارلىقلارغا قارىغاندا، كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرى ۋە يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ باشلىرىدا ئەجدادلار تۇرمۇشىدا ئۆلۈم، جان، تەن، روھ ھەققىدىكى ئىپتىدائىي تەبىئەت قاراشلىرى بىخلىنىپ چىقىپ، كۈنسايىن راۋاجلىنىپ بارغانلىقى ئىسپاتلانماقتا. روشەنكى، بۇ سېھىرلىك زېمىن كۆكسىدە ياشىغان ئەجدادلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈم، جان، تەن ھەققىدىكى تۇرلۇك روھىي پائالىيەتلىرىنىڭ تارىخىنى تاكى يېزىق ئىختىرا قىلىنغۇچە بولغان تولىمۇ ئۇزاق ياۋايىلىق، ۋارۋارلىق، نادانلىق دەۋرلىرىدە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە تەسۋىرىي سەنئەت ۋاستىلىرى بىلەن كونا - يېڭى تاش قورال دەۋرى، بىرونزا قوراللىرى دەۋرىدىكى يادىكارلىقلىرىغا «يېزىپ» قالدۇرغان. يېزىق تارىخىدىن تولىمۇ ئۇزاق بولغان بۇ تارىخ ئۆزىنىڭ ئىپادىلىگەن روھىي قاراشلار جەھەتتىكى مەزمۇنى، ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ۋە ئىپادىلىگەن دائىرىسى جەھەتتىن يىراق ئۆتمۈشنىڭ ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلىرىغا خاس خىلمۇ خىل بولغان. ھازىرقى كىشىلىرىمىز ئۇچۇن تېخى سىرلىق ياكى يېرىم سىرلىق كۆرۈنگەن بۇ ئىزنا - يادىكارلىقلار ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئەجدادلار روھىيەت تارىخىنىڭ، جۈملىدىن ھەر خىل روھىيەت پائالىيەتلىرىگە دائىر تەپەككۇر ھەم جان، تەن ۋە روھ قارىشى جەھەتتىكى ئىزنا، تامغا، ئەنداز، بەلگە - ئالامەتلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئۇچۇر - ئىنفورماتسىيەسى ھېسابلىنىدۇ.

مەلۇمكى، ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئۆتۈشىدىكى ئاساسىي نامايەندە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىن ئىبارەت. ئىنساننىڭ تۇنجى ئىشلەپچىقىرىش قورالى تاش قورال — تاش سايماندىن ئىبارەت. ئىپتىدائىي ئىنسانلار دەسلەپتە تەييار ھالەتتىكى تاش قوراللارنى ئىشلەتكەن. ئۇنىڭ مۇھىم شەكلى يارما (چاقما) قورال ھالىتىدىكى تاشتىن (ئەلۋەتتە ياغاچ، سۆڭەكلەرنى مۇستەسنا قىلمىغان ھالدا) ئىبارەت ئىدى. بۇ تولىمۇ ئۇزاق قەدىمكى زامان ئىلىم ساھەسىدە كونا تاش قورال دەۋرى (پالېئولىت) دەپ ئاتالسا، كېيىنچە بىرقەدەر سىلىقلانغان، سىپتىلانغان، ئىسلاھ قىلىنغان تاش قوراللار دەۋرى يېڭى تاش قوراللار (نېئولىت) دەۋرى دەپ ئاتالدى. مۇنداق كونا تاش قورال دەۋر ئىزلىرى دىيارىمىزدىنمۇ تېپىلدى. مەسىلەن، ھازىرغىچە دىيارىمىز تەۋەسىدىن بايقالغان كونا تاش قورال ئىزلىرىدىن تۇرپاندىكى يارغولنىڭ غەربىدىكى كونا تاش قورال ئىزى، تاشقورغاننىڭ جىرغالدىكى

قەدىمكى ئىز، سايئۇپا(سايۋوپو)دىكى قەدىمكى ئىز، پىچاننىڭ چىقتىمدىكى قەدىمكى ئىز، يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى XYF ـ 87 ئىز، نىيە دەريا ۋادىسىدىكى ناغرىخانىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى XNF ـ 87 ئىز ۋە لوپ ناھىيەسىدىكى XLF ـ 87 ئىز قاتارلىقلاردىن ئىبارەت③.

دىيارىمىز مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى ئىنسانلار تۈركۈملىرى بۇ زېمىندىكى دەريا ئېقىنلىرى، كۆل ۋە سۇلۇق زونىلىرىدىكى ۋادىلار، ئىپتىدائىي بوستانلىقلاردا ئۆسۈملۈك، ھايۋانات ھەم مۇھىت ئېكولوگىيەسى شارائىتىدا ياشىدى. ئۇلار تاش، ياغاچ، سۆڭەك قوراللارغا تايىنىپ توپلىشىپ ياشاپ، كېيىنچە ئوتتىن پايدىلىنىپ، دەھشەتلىك يىرتقۇچ ھايۋانلار بىلەن ئېلىشىپ نەچچە مىڭ يىلغا سوزۇلغان مۇز دەۋرى زىمىستانلىقىنى يەڭدى. غار تۇرمۇشىدىكى ئوت ـــ مۇقەددەس قۇدرەت ۋە قۇتلۇق ئۈمىد چېچىكى ئىدى. ئوت ئىنسانىيەتنى قوغدىدى، تاكامۇللاشتۇردى، ئۇلۇغ مەدەنىيەت سەھىپىسىنى يورۇتتى.

ئانا دىيارىمىز مەركىزىي ئاسىيادا مۇز دەۋرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى باسقۇچتا ئىپتىدائىي ئىنسان تۈركۈملىرى كونا تاش قورال دەۋرىدىن يېڭى تاش قورال دەۋرىگە تەدرىجىي ئۆتۈش مۇمكىنچىلىكىگە ئېرىشتى. يېڭى تاش قورال (نېئولىت) دەۋرىدە ئىنسانىيەت تەييار تاشنى قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىش ۋە تاشنى يېرىپ، سوقۇپ ـ سۇندۇرۇپ، قورال قىلىشتىن تاشنى سىلىقلاپ ئىشلەشكە ئۆتتى. مېتال كەشىپ قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى ئەڭ كۈچلۈك جىسىم بولغان تاش ئەمدى ئىنسان ئېھتىياجى ۋە ئىرادىسىگە بېقىپ سىپتا قىلىنىپ پىششىقلاپ ياسالدى. تاشنى قىرىش، ئويۇش، تېشىش ـــ ئەينى زاماندىكى تۇنجى «سانائەت ئىنقىلابى» بولدى. تاش ئوتىغۇچ، تاش پالتا، تاش قاچا، تاش نەيزە ۋە ئوقيا ئۇچى، تېشىلگەن تاش، مونچاق قاتارلىقلار بۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولدى. يېڭى تاش قورال دەۋرىدە سۆڭەك، ياغاچ ۋە تېرە قوراللىرىمۇ زور ئىسلاھ قىلىندى. ئوتتىن كەڭ تۈردە پايدىلىنىش، تېرە ئەيلەش، يىڭنە بىلەن تېرىدىن كىيىم تىكىش، ئاددىي كىگىز ـ پالاس، مېۋىلەر، كېيىنچە خېمىرلارنى ئېچىتىش، ھاۋانچا ۋە يارغۇنچاقنىڭ ياسىلىشى يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاجايىپ ئۇتۇقى بولدى. كېيىنچە تاغ ئۆڭكۈرلىرى، ساي ـ جىلغىلاردىن كۆپلەپ ساھىللارغا يۆتكەلگەن، ئىپتىدائىي ئېكىنچىلىك ۋە باقما چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئىپتىدائىي ئىنسانلار تۇپراقتىن ئوتتا ساپال بۇيۇملارنى پىشۇرۇشنى ئىختىرا قىلدى③.

ئەجدادلار ئاپىرىدە بولۇپ، ئاۋۇپ ـ كۆپىيىپ جامائەلىشىپ كەلگەن بۇ ئانا تۇپراقتا يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش شەكلى ئىپتىدائىي پادىلارچە تۇرمۇش شەكلىدىن ئانا ئۇرۇقداشلىق ـــ تۇنجى ئائىلىق نەسلداشلىق جامائەسىگە ئۆتۈش بىلەن خاراكتېرلەنگەن. دائىمىي تۇرار جاي، كوللېكتىپ ئەمگەك، ئوزۇق ـ تۈلۈكنىڭ بىرقەدەر زاپاس ساقلىنىشى، پائالىيەت رايونلىرى ۋە پائالىيەت تۈرلىرىنىڭ كېڭىيىشى، نەسىل كۆپەيتىش ئېھتىياجلىرىنىڭ جىددىي بېسىمى، يات جامائەلەر ۋە ئۇرۇقداش جامائەلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنى شەكىللەندۇردى. ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى ئەڭ دەسلەپتە ئانا ھوقۇقىنى ئاساس قىلغان تەشكىلات ـــ ئانا ئۇرۇقداشلىق جامائەسى (ماتېرىئارخاللىق تۈزۈمى)دىن باشلانغان. ئانا ئۇرۇقداشلىق جامائەسى مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى تارىخىدا ئىپتىدائىي قانداشلىق ـ ئۇرۇقداشلىق ـ ئېتنولوگىيەلىك ئاڭ بىلەن ئىپتىدائىي ھوقۇق، نوپۇز ئېڭىنى نامايەندە قىلدى. شۇ ئاساستا ئىپتىدائىي تەبىئەت ۋە ئىلاھىيەت قاراشلىرى، ئۆلۈم، جان، تەن قاراشلىرى، ئەم ـ ئىرىم ئادەتلىرى، فولكلور ۋە مۇراسىم رىجىلىرى مەيدانغا كەلدى ھەمدە مۇز دەۋرىدىن كېيىنكى ئوچۇق زېمىندا مىللىيەتلىك تۇرمۇش رېلىسىغا قەدەم قويىدى. مۇشۇ چاغدا، دەل مۇشۇ چاغدىلا مەركىزىي ئاسىيا خەلقىگە ـــ باتۇر، ئەمگەكچان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئەجدادلارغا مەركىزىي ئاسىيا ئېتنىك تامغىسى بېسىلدى.

يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى ئانا ئۇرۇقداشلىق جامائەسىدە ئىنسانىيەت تەييار ئۆڭكۈرلەر ۋە قېزىلغان لەخمىلەردىن تاشقىرى يەنە ساتما ئۆيلەر ۋە چوك - كىچىك جامائە كەپىلىرى ياساشتى. ئۇلار دەريا ساھىللىرى ۋە بوستانلىقلارغا ئىجتىمائىي ھايات تورىنى يايدى. بۇ ھال ئىپتىدائىي ئېكىنچىلىك ۋە ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ ئىمكانىيىتىنى پەيدا قىلدى.

ئوقيانىڭ كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىشى مەرگەن - ئوۋچىلارنىڭ يەككە پائالىيىتىگە مۇمكىنلىك يارىتىپ بەردى. ئىت ۋە ئوۋ قۇشلىرى ئۇنىڭ قوشۇمچىسى سۈپىتىدە كۆندۈرۈلدى. ئارقىدىنلا قوي، ئۆچكە، كالا، ئات، تۆگە قاتارلىق تەرسا ھايۋانلار قولغا ئۆگىتىلىپ ئۆزلەشتۈرۈلدى④.

بۇ يەردە شۇنى ئەسلەپ ئۆتۈش لازىمكى، ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي مەدەنىيەت جاۋاھىراتلىرى بىلەن تويۇنغان بۇ ئانا تۇپراقنىڭ يېڭى تاش قورال دەۋرى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىنى بىلگەن، مۇئەييەنلەشتۈرگەن، تەشكىللىگەن ۋە ئىپادىلەشكە قەدەم قويغان، تېپىك ئىپتىدائىي - ئېتنىك مەدەنىيەت سىستېمىسىنى ياراتقان دەۋرى بولدى. يېڭى تاش قورال دەۋرىدە ئىنسان تەييار تاشنى چاقما تاش شەكلىدە، تەييار غار - ئۆڭكۈرلەرنى تۇرمۇش مۇھىتى سۈپىتىدە، تەييار ئوزۇق ئوبيېكتلىرىنى ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە مېۋە تېرىۋېلىش نىشانى سۈپىتىدە قاراپ ياشىغىنى يوق. ئۇلار سىلىقلاپ، قىرىپ ئويۇپ، ئۇلاپ ھەر خىل تاش قوراللار ياسىدى، ساپال ۋە توقۇلمىلارغا ھەر خىل ئابستراكت فىگورا - نۇسخىلار سىزىشتى، كەپە ۋە چېدىرلار تىكىشتى، ئۆيدە ھايۋان كۆندۈرۈش، دەسلەپكى تېرىقچىلىق، ئاددىي شەكىلدىكى مال ئالماشتۇرۇش ۋە يىراق قاتناش مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. ئىپتىدائىي ئېتىقاد، خىلمۇ خىل مەبۇد - ئىلاھلارغا سىغىنىش، ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراغ، توتېم ئاجايىباتلىرى، ئەپسانە - رىۋايەت، سەنئەت ۋە مىللىيەتلىك مۇشۇ مۆجىزىدار دەۋردە پەيدا بولدى. يېڭى تاش قورال دەۋرى ۋە ئۇنىڭغا ئۇلىنىپ مەيدانغا چىققان برونزا (تۇچ) قوراللىرى دەۋرى كىروران گۈزىلى ياشىغان دەۋر؛ مىڭلارچە ئۇسسۇللۇق قىيا تاش سىزمىلىرى يارالغان دەۋر؛ ئارىيان - تۇران قەبىلىلىرى ھارۋا (قاڭقا) ياسىغان ۋە كېچىكمەي ئاتلىق ئوقياچىلارغا ئايلانغان دەۋر؛ ھۈنەر - كەسىپ پىرلىرى بىلەن شامان باخشى - داخان كاھىنلىرى ئارقا - ئارقىدىن پەيدا بولغان دەۋر؛ ئەندىزە، نۇسخا، ھۈنەر - كەسىپ قېلىپلىرى گېئومېتىرىيەلىك قائىدىلەر بىلەن ئېتنولوگىيەلىك روھىيەت تېپىنى بىرلەشتۈرگەن دەۋر بولدى. ئىنسانىيەت قانداق ئىلگىرىلەپ كەتكەن بولسۇن، ھېلىمۇ ئۇ يېڭى تاش قورال دەۋرىدە ياراتقان مەدەنىيەت ئەندىزە نۇسخىلىرى، ئائىلە ۋە جەمئىيەت، ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراغ، ئادەت، ئېتىقاد، فولكلور ۋە روھىيەت يىلتىزلىرىدىن چىقىپ كەتكىنى يوق⑤.

ئانا دىيارىمىز مەركىزىي ئاسىيادىكى ئالتاي، تارىم مەدەنىيەت چەمبىرىگە نەزەر سالساق، ئىپتىدائىي ئانا - ئاتا ئۇرۇقداشلىق جامائەلىرى، قۇياش ئېتىقادچىلىقى، ئىپتىدائىي شامانىزم مۇراسىم ئۇسسۇللىرى، بۇغا مەدەنىيىتى، ئات مەدەنىيىتى، جىنس ئېتىقادى، قىلىچ - قەدەھ تۇتقان بالبالچىلىق، كىيىنىش، ئوزۇقلىنىش مەدەنىيىتى، نىكاھ ۋە مۇغ (دەپنە) مەدەنىيىتى، مېتال ۋە مىس، ئالتۇن ھۈنەرسازلىقى، نورۇز ۋە مەۋسۇم مىلىس (يىغىلىش، مەشرەپ) ئادىتى، كالېندارچىلىق ۋە ئەم - ئىرىم، پال - چۆش تەبىرى ئەندىزىلىرى، ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە سەنئەت فولكلورى قاتارلىقلارنىڭ مۇجەسسەم تىپ ۋە ئەنئەنىۋى ئۇسلۇب ھاسىل قىلغانلىقىنى كۆرىمىز.

ھازىرغىچە ئانتروپولوگىيە، ئارخېئولوگىيە ۋە ئېتنوگرافىيە ئىلمى تېخى تولۇق يورۇتۇشقا قادىر بولالمىغان، قەدىمكى ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ جەسەتلىرى، مەدەنىيەت جاۋاھىراتلىرى بىلەن تولغان بۇ زېمىندا ياشاپ كەلگەن دىيارىمىز ئىپتىدائىي ئادىمى ئاڭ ۋە پائالىيىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ۋە تۇرمۇش سەزگۈسىنىڭ تولىمۇ ئاددىي ئىنفورماتسىيەسىدە بولدى. بۇ دەۋردە ئۇلاردا

تەبىئەتتىن ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن ھالقىغان تەسەۋۋۇر تېخى شەكىللىنىپ ئۈلگۈرمىگەنىدى. كېيىنچە ئۇلار ئۆز مۇھىتىغا قانائەتلەنمەيدىغان بولدى. ئۇلاردا تەبىئەت ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن ھالقىغان تەسەۋۋۇر ئامىللىرى شەكىللەندى. ئۇلارنىڭ ئاڭ تۈزۈلمىسىدە ھېسسىي بىلىشتىن ئۇقۇمچان تەپەككۇرغا يۈزلەنگەن غايەت زور سەكرەش يۈز بەردى. بىۋاسىتە سەزگۈ ئىنفورماتسىيەسى ۋە يەككە ئىدراك ئېتىقادىدىن ئۇقۇم تۈزۈلمىسىگە ئاساسلانغان تەپەككۇر ئېتىقادىغا ئۆتۈش مەركىزىي ئاسىيا ئىپتىدائىي ئادىمىنىڭ پىسخىك ۋە بىلىش جەريانلىرىنى يۈكسەلدۈردى. ئۇلاردا بىۋاسىتە ئەمەلىي سەزگۈ ئىنفورماتسىيەسى بىلەن بىللە ۋاستىلىك، توقۇلما خاراكتېرلىك، ئىللۇزىيەلىك ئاڭ قوشما خاراكتېرى پەيدا بولدى. بىز دىيارىمىزدىكى ئۈچ - تۆت مىڭ يىللارنىڭ ئالدى - كەينىگە خاس قەبرىلەرگە دەپنە قىلىنغان ئەجدادلارنىڭ تۇرلۇك ئۇسۇلدا دەپنە قىلىنىش رەسمىيەتلىرىدىن يۈز - كۆزەك ۋە پۇت - قوللىرىغا ھەر خىل رەڭدىكى نەقىشلەر چېكىۋېلىشىدىن، جەسەتلەرگە ھەمراھ قىلىپ بىللە كۆمگەن ھەر خىل بۇيۇملاردىن «سېھىرلىك كۈچ» دەپ تونۇلغان ئەڭ ئىپتىدائىي تىلتۇمارلاردىن، تاش، ياغاچ، لاي ھەيكەل - قورچاقلاردىن، تاش، ياغاچ ۋە ھايۋان سۆڭەكلىرىدىن ياسالغان تۇرلۇك زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىدىن، ئەجدادلارنىڭ ئىپتىدائىي ھايات ئۇزاق داۋام ئەتكەن تەبىئىي غار - ئۆڭكۈرلەر ۋە قىيا تاشلارغا سىزغان ئەڭ ئىپتىدائىي رەسىملىرى ھەمدە ھەر خىل ئالامەتلىك مەنىلەرگە ئىگە تامغا، بەلگە، ئىزنا، ئەندىزىلىرىدىن يۇقىرىدىكى مەزمۇنلارنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز.

يۇقىرىقىدەك بىۋاسىتە ئەمەلىي سەزگۈ ئىنفورماتسىيەسى بىلەن ۋاستىلىك تەسەۋۋۇر ۋە ئۇقۇم شەكلىدىكى ئاڭنىڭ بىللە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ئىپتىدائىي ئەجدادلارنىڭ ھايات پائالىيىتىنى تېخىمۇ ئىجتىمائىيلاشتۇردى، ئۇلارنىڭ بىلىش ۋە ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇردى. ئۇلارنىڭ پىسخىك ئىقتىدارىغا ئەقىل چىرىغى، تەسەۋۋۇر ۋە خىيال بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار ھېسسىياتچان قابىلىيەتلەرنى قوشتى. ئىپتىدائىي ئەجدادلار ھەقىقەتەن كۆپ خىل ھېسسىياتچان ۋە پاراسەتلىك ئادەمگە ئايلاندى. ئوتنىڭ تىزگىنلىنىشى، ئوقيانىڭ كەشىپ قىلىنىشى، ئۇلاغنى بىۋاسىتە ئوزۇقلۇق ئوبيېكتى قىلىشتىن ئۇنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىشقا ئۆتۈش، ئىپتىدائىي تېرىقچىلىق ۋە ھايۋان كۆندۈرۈش، ئىپتىدائىي ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋەھاكازالار پاراسەتنىڭ مۆجىزىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىشى بىلەن بىللە، يەنە ئۇ پاراسەتنىڭ راۋاجلىنىش يوللىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى ⑥.

بۇ زېمىندا ھايات زورۇرىيىتى ئۈچۈن كۆرۈشۈۋاتقان، تېخى تولىمۇ ئىپتىدائىي باسقۇچتا تۇرغان ئەجدادلار، گەرچە بىر قاتار ئىجتىمائىي ۋە ئەقلىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق چەكسىز تەبىئەت ئۈستىدىن دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پائالىيەتچانلىق قىممىتىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى بايقاپ قالدى. تەبىئەت ئۇلار ئۈچۈن دەسلەپكى بىۋاسىتە سەزگۈ ئىنفورماتسىيەسى باسقۇچىدىكىدەك يېمەك - ئىچمەك ۋە ھاياتنى داۋاملاشتۇرماق ئوبيېكتىلا ئەمەس، يەنە سېھىرلىك بىلىش ئوبيېكتى بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. مانا بۇ دىيارىمىز ئىپتىدائىي ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەپەككۇر ۋە دەسلەپكى روھىي ھادىسىلەر قاراشلىرى سىستېمىسىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرسەتتى.

تارىخ - ئارخېئولوگىيە مەنبەلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىغا ئاساسلانغاندا، ئىپتىدائىي ئېتىقاد بۇنىڭدىن 40 — 50 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئەڭ قەدىمكى تاش قورال دەۋرىدە پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى. قورقۇنچلۇق ۋە شۇ سەۋەبلىك مەجبۇرىي ۋە زورۇرىي يوسۇندا «يۈكسەك» بولغان نەرسىگە چوقۇنۇش ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ ئاساسىي ئالامىتى ئىدى.

ئىپتىدائىي ئەجدادلارنىڭ نەزىرىدە مەۋجۇت نەرسىلەر خۇددى تىرىك ئادەمنىڭ ئۆلگەن ئادەمدىن ئۆزىنىڭ «جېنى» بىلەن پەرقلىنىدىغانلىقىغا ئوخشاش «ئۆلۈم»، «جان»، «تەن»، «روھ» چۈشەنچىسى بارغانسېرى ھەم يۇقىرى، ھەم سېھىرلىك تۈسكە كىردى. ئۇلاردا ئادەمنى ئۇنىڭ جېنى باشقۇرغاندەك، ھەممە نەرسىلەرنى شۇ نەرسىنىڭ «جېنى»، «روھى» باشقۇرىدۇ، دېگەن قاراش ئومۇملاشتى. كېيىنچە سىرلىق تەبىئەت ھادىسىلىرى — بوران، مۆلدۈر، چاقماق، يەر تەۋرەش، تاشقىن، تاغ گۈمۈرۈلۈش قاتارلىقلار شۇ تەبىئەتنىڭ تېنىگە يوشۇرۇنغان «جان» — تەبىئەت تەڭرىلىرى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ، دېگەن قاراش شەكىللەندى.

ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ بۇنداق «ھەممە نەرسىدە روھ بولىدۇ» دەيدىغان ئەڭ قەدىمكى ساددا قارىشىدىن كائىناتتىكى جىمىكى شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرگە قارىتا چوقۇنۇش ۋە ئېتىقاد قىلىش كېلىپ چىققان. بۇ، ئىنسانلار ئۆزىنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەر بىلەن ئارىلاش بىر گەۋدە دەيدىغان قاراشتۇر. قىسقىسى، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزلىرىنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەر بىلەن بىر قاتارغا قويۇپ، ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان بارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىنى «ئىلاھىيلاشتۇرۇپ» تەسەۋۋۇر قىلىغان. ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ گۆدەكلىك دەۋرىدە تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ سىرىنى بىلىشتىن مەھرۇم بولغاچقا، تەبىئەت ئالدىدا ئاجىزلىق قىلىغان. نەتىجىدە تەبىئەت كۈچلىرىنى ئىلاھىيلاشتۇرۇش كېلىپ چىققان. بۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار تەبىئەتتىكى ھەر خىل ھادىسىلەرنى، يەنى ئاسمان، يەر، كۈن، ئاي، يۇلتۇز، ھەسەن ـ ھۈسەن، تاغ، ئورمان، كېچە، كۈندۈز، قار، يامغۇر، چاقماق، يەر تەۋرەش، بوران ـ چاپقۇن، كەلكۈن... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «ئىلاھ» نىڭ ئوبرازى دەپ چۈشىنەتتى. بۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ساددا ھېسسىياتىدا ئابستراكت چۈشەنچە بولماستىن، بەلكى ھەممىگە قادىر ۋە قابىل بولغان كونكرېت ئوبراز ھېسابلىناتتى. شۇ سەۋەبتىن، ئىنسانلار تەبىئەتنىڭ قارام كۈچلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىش ئۈمىدىنى ئاشۇ ئىلاھلارغا بېغىشلاپ، تەبىئىي ھالدا تەبىئەتكە ئېتىقاد قىلىش ئادىتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئىپتىدائىي ئەجدادلاردا پۈتۈن تەبىئەتنى جانلىق ئىلاھلار باشقۇرۇپ تۇرىدۇ، دېگەن قاراش بىلەن بىللە، ئۆزلىرىنى جانلىق تەبىئەتنىڭ — ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنىڭ ئەۋلادلىرى دېگەن قاراش ساقلاندى. ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن ئالاقىسى كۆپ بولغان، ئۆزلىرىگە ئوزۇق يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ياكى ئۆزلىرىگە خاسىيەتلىك كۆرۈنگەن ھايۋانلارنى ئۇلۇغلاش، ئۇلارنىڭ روھىغا سىغىنىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى.

مەلۇمكى، ئەينى ۋاقىتتا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيەسىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن، ئىپتىدائىي ئەجدادلارنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تەبىئەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ئەكسىچە، ئۇلار تەبىئەتنىڭ قۇلى ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى دۇنيامۇ چۈشەنگىلى بولمايدىغان سېھىرىي كۈچكە ئىگە ئىدى. بۇ خىل كۈچ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئىشلەپچىقىرىشقا، جەمئىيەتكە، ئىپتىدائىي ئەجدادلارنىڭ ئۆزىگە خەۋپ ـ خەتەر پەيدا قىلىدۇ دەپ قارىلاتتى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئىپتىدائىي ئەجدادلارغا خاس ئالاھىدە تەپەككۇر شەكلى ۋە ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرلار سىستېمىسىمۇ سېھرىي ئادەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى مەنىۋى ئاساس بولدى. بۇ خىل ئىپتىدائىي تەپەككۇر ئوبيېكتىپ ماددىي دۇنيا بىلەن ئۇنىڭ سىرتىدىكى رېئاللىق (تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ) ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك، بەلكى تەبىئەتتىن تاشقىرى تۇرىدىغان نەرسىمۇ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتتۇر، دېگەن قاراشقا مەركەزلەشتى. ئۇلار ئەنە شۇ «تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ»كە سىغىنىش، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق غەيرىي تەبىئەت كۈچلىرىگە تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش خىيالىدا سېھىرگەرلىكنى

ئىجاد قىلدى. مۇشۇ مەنىدىن، سېھرىگەرلىكنى ئىپتىدائىي ئەجدادلارنىڭ «تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ»تىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتىكى بىر خىل تېخنىكىسى ۋە ئارزۇسى، دېيىش مۇمكىن.

ئىپتىدائىي ئەجدادلارنىڭ قارىشىچە، سېھرىلەشنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولغاچقا، سېھرىي كۈچمۇ چەكسىزدۇر. ئادەمنىڭ كېسەللىككە گىرىپتار بولۇشى، ئۆلۈشى، بەختكە ئېرىشىشى ياكى بەختسىزلىككە ئۇچرىشى، ئۇۋنىڭ نەتىجىلىك بولۇش - بولماسلىقى، ئۈسۈملۈك، دەل - دەرەخلەرنىڭ كۆكلىشى ياكى قۇرۇپ كېتىشى، قىسقىسى، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتە پەيدا بولىدىغان بارلىق ئوڭۇشلۇق ياكى ئوڭۇشسىزلىقلارنىڭ، خۇشاللىق ياكى قايغۇلۇق ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە سېھىر رول ئوينايدۇ، شۇڭا ئۇنى پەقەت سېھىرگەرلىك يولى بىلەنلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ. بۇنداق سېھىرلەش كۈچى شامانغا، باخشى، داخان، رەمبال، پېرىخونلارغىلا مەنسۇپ. ئىپتىدائىي ئەجدادلارنىڭ قارىشىدا بۇنداق سېھىرگەرلەر ئىنتايىن سىرلىق ۋە تىلسىملىق بولىدۇ. ئۇلار ئەنە شۇ «تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ»لەرنى بويسۇندۇرغۇچىلار، ياخشى ۋە يامان روھلار (ئەرۋاھلار)نى باشقۇرغۇچىلار ھېسابلىناتتى⑦.

ئانا دىيارىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدە، ئۇرۇق - جەمەتنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى (جۈملىدىن، ئىپتىدائىي سەنئەت ۋە دىنلارنى) تەشكىللىگۈچى ۋە باشقۇرغۇچى مەخسۇس ئاقساقاللار بولغان، ئۇنىڭ نامى پېرىخون ياكى باخشى دەپ ئاتالغان. «باخشى» ئاتالغۇسى ئالتاي شامانىستلىرىنىڭ تىلىدا «ئۇستاز»، «سەنئەت ئەربابى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. موڭغۇل تىلىدا ھازىرمۇ شۇ مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. دەرۋەقە، ئۇلار ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق ئەربابلىرى، ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراغ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇرۇق - جەمەتنى يامان روھلاردىن قوغدايدىغان، «يامان روھلارنىڭ چاپلىشىۋالغانلىق» تۈپەيلىدىن پەيدا بولىدىغان ئاغرىقلارنى ئەپسۇن ئوقۇش يولى بىلەن «ساقايتىدىغان» سېھرىي «تېۋىپ» لار ئىدى. «پېرىخون» دېگەن نام ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدە سەنئەتنىڭ پىرى دەپ سانالغان «پىرچەنگى» دىن كېلىپ چىققان⑧.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، «تۇمار پۈتۈش»، «ئاشلاش»، «قان قىلىش»، «يامان روھلار» (جىن - شەيتانلار)نى قوغلاش، «قەستلەش سېھرى» قاتارلىق كۆپلىگەن سېھرىگەرلىك ئادەتلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سېھرىگەر شامان باخشىلىرى تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىدۇ. بۇ ئىپتىدائىي ئادەتلەرنىڭ ھەممىسى قەدىمكى شامان ئېتىقادىدىكى روھانىلار (ئەرۋاھلار) چۈشەنچىسىدىن كېلىپ چىققان. ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان جادۇگەر، يەتتە باشلىق يالماۋۇز، پېشانىسىدە بىرلا كۆزى بار غارايىپ تىلسىملىق مەخلۇقاتلار، «كۆھىقاپ» تىكى «ئېرەنباغ» لارنى ماكان قىلغان ھۆر - پەرىلەر... نىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سېھرىي ئوبرازلاردۇر. بۇ سېھرىي ئوبرازلار ئايال جىنسلىق بولۇپ، بەزىدە ئەجابىي، بەزىدە سەلبىي قىياپەتتە تەسۋىرلىنىدۇ⑨.

شۇنى ئىزاھلاش لازىمكى، ئالەمنى تەبىئەت ۋە جىن مۇئەككەللەردىن ئىبارەت ئىككى قاتلام بويىچە ئىزاھلاش شامان ئىدېئولوگىيەسىنىڭ ئاساسىدىن ئىبارەت. ئانا دىيارىمىز مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئانىمىزملىق قاراشلىرى بويىچە بارلىق جىن - مۇئەككەللەرنى ئادەمگە، ئۇرۇق ۋە قەبىلىگە مەنپەئەتلىك ياكى زىيانلىق بولۇشنى ئۆلچەم قىلىپ، ياخشى - يامان تۈرلەرگە ئاجراتتى. ئۇلار ئىنساننى ئۆلچەم ۋە مەركەز قىلغان ھالدا ئالەمنى ئۈچ قاتلامغا ئاجرىتىپ ئىزاھلىدى. ئاسمان — تەڭرىلەر، ياخشىلىق ۋە ساخاۋەتلىك مۇئەككەللەر تۇرىدىغان دەرگاھ بولۇپ، ئۇ سىغىنىش، مەدھىيەلەش، تىلاۋەت ۋە مۇناجات ئوبيېكتى ھېسابلىناتتى. يەر يۈزى ئىنسانىيەت ماكانى بولۇپ، يەر ئاستى جىن - ئالۋاستىلار دۇنياسى ھېسابلانغانىدى. ئۇلار قارغىش، دۇئايىبەت، ئەپسۇن ئوبيېكتى بولغانىدى. شامان

ئېتىقادىدا ياخشىلىق، ساخاۋەتلىك تەڭرى، مۇئەككەللەر ئىنسان قىياپەتلىك تەسۋىرلەنگەن، بۇ ھەقتە ھۆر – پەرىلەر ئوبرازىدا يۈزلىگەن گۈزەل ئەپسانىلەر مەيدانغا كەلگەن. جىن – ئالۋاستىلار خۇنۇك، سەت، قورقۇنچلۇق، ھايۋان قىياپەتلىك تەسۋىرلەنگەن. يەتتە باشلىق يالماۋۇز، «ئالۋاستى»، كۆپ باشلىق ئەجدىھا – يىلان، قورقۇنچلۇق تېكە ساقال ئالۋاستى ئوبرازىدىمۇ كۆپلىگەن ھېكايە – چۆچەكلەر توقۇلغان، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

قەدىمدە دىيارىمىزدا شامان باخشىلىرىنىڭ ئادەملەر بىلەن جىن – ئالۋاستىلار ئارىسىدىكى «يىغىن» (مەجلىس) پائالىيىتى ناھايىتى جانلانغانىدى. شامان باخشىلىرى ئىسمى ئاتالغان مەلۇم كىشى (كېسەل، موھتاج...)گە قايسى جىن – ئالۋاستىنىڭ ھەتتا يامان ئەرۋاھنىڭ چېپىلغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش، ئۇنى قارغاش، ياخشى ياكى قۇدرەتلىكرەك باشقا روھلارنى ياردەمگە چاقىرىپ، جاھىل جىن – ئالۋاستىغا قارشى ئەپسۇن ئوقۇپ، قورال كۆرسىتىپ، ئوت چېچىپ، سېھىرگەرلىك قىلىش؛ ئۇزاققىچە روھلار دۇنياسىغا ئەۋەتىش؛ ماكانسىز ۋە ئىگىسىز قالغان روھلارنى تاختىدىن ياسالغان سۈرەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش؛ تۇغ ئوت، نومۇس ۋە گۈزەللىك تەڭرىسى «ئايزىت»قا دۇئالار ئوقۇپ تۇغۇتنى يەڭگىللىتىش؛ باشقا كېسەلدىن كېلىپ چاپلىشىۋالغان يامان روھنى ئىگىسىگە قايتۇرۇش قاتارلىقلارنى ئورۇنلاپ، كىشىلەر كۆڭلىنى «ئەمىن» تاپقۇزغان.

دىيارىمىزدا مىڭلارچە كارامەتلىك شامانلار يېتىشىپ چىقىپ، سېھىرگەرلىك ئەڭ گۈللىنىپ روناق تاپقان دەۋرلەردە سېھىرگەرلىك پائالىيەتلىرى ئەجدادلار تۇرمۇشىدا ئەڭ يۇكسەك پەللىگە يەتكەن. شامان باخشىلىرىنىڭ پۈتۈن پائالىيىتى نوقۇل ئىبادەت ۋە تىلاۋەت بىلەن، روھىي ۋەزمىنلىك ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان دىنىي ئىستىقامەت بىلەن چەكلەنمىگەن. ئۇلار بىر قاتار دىيالوگ، مونولوگ ۋە دىراماتىك پائالىيەتلەر بىلەن ئىپتىدائىي دىراماتىك سەنئەتنى راۋاجلاندۇرغان. ماھىر شامانلار قوللىرىغا خەنجەر، چاچراتقۇ ئوت، داپ ۋە جىڭراتقۇ (ساپايى) ئېلىپ، سۆزلەپ – سوراپ، ناخشىلار ئوقۇپ، پىرى پىرقىراپ ئۇسسۇل ئويناپ، ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرغان. بۇنداق قىلىش كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېھتىيالا ئەمەس، ئېستېتىك ھېسسىياتىنىمۇ قانائەتلەندۈرۈپ، ئازادىلىك ھاسىل قىلغان⑩.

قىسقىسى، كارامەتچى سېھىرگەر، جادۇگەر، شامان – كاھىنلار ۋەكىللىكىدىكى دىيارىمىز شامان مەدەنىيىتى مۇراسىملار، ئۆلۈم – يېتىم، نەزىر – چىراغ، قۇربانلىق ۋە ئىستىقامەت قىلىش، ھېيت – ئايەم ئۆتكۈزۈش، پال ئېچىش، يۇلتۇزغا بېقىش باشقىلارغا ئۆز تەسىرىنى سىڭدۈرۈش ئارقىلىق پۈتۈن ئېتنىك تۇرمۇشىنىڭ شامانىزملىق دۇنيا قاراشنى چۆرىدىگەن ئىدېئولوگىيەلىك قۇرۇلما ھاسىل قىلىشنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى.

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، دىيارىمىز ئاھالىلىرى شامانىزمىنىڭ ئۆلۈم چۈشەنچىسىگە ئۆتۈشتىن ئىلگىرى، يەنى ئىپتىدائىي تەبىئەت ئىلاھچىلىقى دەۋردىلا ئەڭ دەسلەپكى ئۆلۈم، جان، تەن، روھ چۈشەنچىسىگە ئىگە بولغان. ئۇلاردىكى ئەڭ دەسلەپكى روھىي ھادىسە قاراشلىرى تەبىئەتكە (كۈن، يۇلتۇز، ئاي، بۇلۇت، بوران، شامال، يامغۇر، قار، چاقماق، دەريا، كۆل، تاغ ۋە ئەتراپىدىكى ھايۋاناتلار... غا) چوقۇنغان دەۋرلىرىدىلا بىخلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، مېيىتنى (ئۆلگەن ئۇرۇق ئەزالىرىنى) ئېگىز تاغ چوققىلىرىغا دەپنە قىلىپ، ئۈستىگە تاشلارنى دۆۋىلەپ قويۇشقا ئادەتلەنگەنلىكى مەلۇم. بۇ ئۆلگەن ئادەمنى ئىلاھنىڭ يېنىغا دەپنە قىلغانلىق چۈشەنچىسىدە بولغان.

ئەجدادلىرىمىز شامانىزملىق ئېتىقاد ھاياتىغا كەلگەندە، ئۆلۈم، جان، تەن، روھ ھەققىدە ھەر خىل تەسەۋۋۇر قىلىشقان. يەنى، جان قانداق پەيدا بولغان؟ ئادەم نېمە ئۈچۈن ئۆلىدۇ؟ جان نەدىن كېلىپ، نەگە كېتىدۇ؟ روھى ئۆلمەيدۇ... دېگەندەك ئۆلۈم ھەققىدە ھەر خىل تەسەۋۋۇرلارنى قىلىشقان. نەتىجىدە

شامانىزملىق روھىي تەپەككۇرلار ئارقىلىق ئاخىر ئۆلگۈچىنىڭ تېنى بىلەن روھى ئاجرىتىپ قارىلىپ، ئادەم گەرچە ئۆلسىمۇ، ئۇنىڭ روھى ئۆلمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ روھى تېنىدىن ئايرىلىپ ئۆز ئۇرۇق - جەمەتى ئارىسىدا يەنە زىچ ئالاقىدە بولۇپ تۇرىدۇ، دەيدىغان روھ ئۆلمەسلىك قارىشى شەكىللەنگەن. ئۇيغۇرلاردىكى «دوزاخ» ۋە «جەننەت» قارىشىمۇ ئەنە شۇ چاغلاردىكى «روھ مەڭگۈلۈك» ئېتىقادىدىن تارتىپ شەكىللىنىشكە باشلىغان. ھەتتا ئۆلگەن كىشىنىڭ روھى مەڭگۇ ياشاۋېرىدۇ، ئۇنىڭ روھى ئۆزىنىڭ نەۋرە - چەۋرىلىرى سۈپىتىدە قايتا ئالەمگە كېلىدۇ، دەپ قارىلىپ، ئۆلگەن كىشىنىڭ ئىسمى بوۋىسىنىڭ نامىدا نەۋرە - چەۋرىلىرىگە قويۇلىدىغانمۇ بولغان. شامانىزم دەۋرىدە بەزى ئۇرۇق - قەبىلىلەر ئەزالىرى يانلىرىغا قاپچۇق ئېسىۋالىدىغانلىقى، بۇ قاپچۇقىقا يۇڭ، تېرە، ياغاچ، ھايۋان سۆڭەكلىرىدىن ياسالغان ئاتا - بوۋىلىرى ئوبرازىغا بېغىشلانغان قورچاق سېلىنىدىغانلىقى، بۇ قورچاقلارنىڭ ئېغىزىغا تاماق ئۈستىدە گۆش - مايلار سۈركەپ قويۇلىدىغانلىقى، بۇ قورچاقلارنىڭ قولاقلىرىغا ئۆلگەن ئەجدادلىرىنىڭ چېچى تىقىپ قويۇلىدىغانلىقى ۋە ئۆلگۈچىنىڭ جېنى (روھى) شۇ يەردىن كىرىپ - چىقىدۇ، دەپ قارايدىغانلىقى مەلۇم.

بۇ يەردە يەنە شۇنىمۇ ئىزاھلاپ ئۆتۈش لازىمكى، قەدىمكى دىيارىمىز ئاھالىرىنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇشى كېيىنكى تەرەققىيات باسقۇچىدا ئىككى مەسىلىنى، يەنى «ئۇرۇق - قانداشلىق نېمىدىن باشلانغان؟» دېگەن مەسىلە بىلەن بىللە، يەنە «ئۆلگەندىن كېيىن روھ قەيەرگە كېتىدۇ، ئۇ زادى قەيەردە داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ نېمە ئىشلارنى قىلىدۇ؟» دېگەن مەسىلىنىمۇ شەكىللەندۈرگەنىدى. نەتىجىدە كۆكتە — ئاسمان دەرگاھىدا ھەر خىل قۇدرەتكە ئىگە تەڭرى ۋە مۆئەككەللەر ئوبرازىدىن باشقا، يەنە ئالەمدىن ئۆتكەن مەشھۇر ئۇرۇق - قەبىلە يېتەكچىلىرىنىڭ، ئاقساقاللىرىنىڭ ئوبرازى جىن - ئەرۋاھلارنىڭ ئوبرازى (سىياقى) بىلەن داۋاملىق ساقلىنىدۇ، دەيدىغان قاراش پەيدا بولدى. تەبىئەت «روھلىرى» بىلەن «ئىنسان روھلىرى» ئوخشاشلا مۇقەددەسلەشتۈرۈلدى. ئاتا - بوۋىلار روھىغا سىغىنىش ئانىلىق ئۇرۇق دەۋرىدىلا روياپقا چىققانىدى. دەل شۇ دەۋرلەردە دىيارىمىز ئاھالىلىرى ئاياللىق جىنسقا سىغىنىش تۈپەيلى كۆپلىگەن ئىلاھىي ھەيكەل - قورچاقلارنى ياسىغانىدى. 1979 - يىلى كۆنچى دەريا ۋادىسىدىكى 3800 — 4000 يىللىق تارىخقا ئىگە (يەنى دۇنياغا مەشھۇر «كىرورەن گۈزىلى» ياتقان قەبرىلەردىن) لوپنۇر قەبرىستانلىقىدىن يۇقىرىدىكى مەزمۇننى ئىسپاتلايدىغان يېڭى تاش قورال دەۋرىگە خاس تاش ئويما ۋە ياغاچ ئويما ئايال ئوبرازىدىكى ھەيكەل - قورچاقلار تېپىلدى.⑪ مۇنداق ئايال جىنسقا ئائىت ھەيكەل - قورچاقلار ئىلاھىيەت ئوبرازى سۈپىتىدە 4000 يىللىق تارىخقا ئىگە «كىروران گۈزىلى» ياتقان قەبرىلەردىن خېلى ئىلگىرىكى دەۋرگە خاس لوپنۇردىكى قۇمدەريا قەدىمكى قەبرىستانلىقى، 3500 يىللىق تارىخقا ئىگە قۇمۇلدىكى يانبۇلاق قەدىمكى قەبرىستانلىقى، 3000 — 3500 يىللىق تارىخقا ئىگە پىچاندىكى يانقىر قەبرىستانلىقى، ئوخشاش دەۋرگە خاس بۇگۇردىكى چۇمپاق قەبرىستانلىقى، لوپنۇردىكى يىڭپەن قەبرىستانلىقى، خوتەندىكى نىيە خارابىسى ۋە نىيە قەبرىستانلىقى، سامپۇل قەبرىستانلىقى قاتارلىق دىيارىمىزدىكى ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىگە خاس نۇرغۇن قەبرىستانلىقلاردىن ئانا - ئاياللىق ئوبرازىغا بېغىشلانغان كۆپلىگەن ئىلاھىي ھەيكەل - قورچاقلار تېپىلدى⑫. بۇلار ئەلۋەتتە دىيارىمىز ئاھالىلىرىنىڭ جان، تەن، روھ قاراشلىرى ۋە ئۆلۈم چۈشەنچىسىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى ۋە ئانا روھىغا سىغىنغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

دىيارىمىزدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلار بۇ دەۋردە پەقەت ئاتا - ئانا روھىغا ئاتاپ ھەيكەل - قورچاقلار ياساپ، ئۇنىڭغا باش ئۇرۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ھەر يىلى باھار، ياز پەسلى ئارىسىدا مۇقەددەس دەپ قارالغان جايلارغا بېرىپ قۇربانلىق ۋە زىياپەت، نەزىر - چىراغلارنى ئۆتكۈزۈپ، ئاتا - ئانىلارنىڭ

روھ ـ ئەرۋاھلىرىغا سىغىنىش پائالىيەتلىرىنىمۇ ئېلىپ بېرىشقان.

مەلۇمكى، دىيارىمىز ئاھالىلىرىنىڭ شامانىزم دەۋرىدىكى ئەجدادلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلار روھلىرىغا سىغىنىش ئاتا ئۇرۇقى دەۋرىدە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. ئۇيغۇر خەلقى ياراتقان «ئوغۇزنامە»، «دەدە قورقۇت»، «چىستانى ئىلىك بەگ»، «ئەپراسىياپ» قاتارلىق رىۋايەت ۋە ئېپوسلار بارغانسېرى ئىلگىرىكى مىترا، ئاناختى، خۇبېي ئىلاھلىرى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەردىن پەرقلىق ھالدا تەڭرىلەر، مۇئەككەللەر، جىن ـ ئالۋاستىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىشەلەيدىغان ئىنسان قەھرىمانلىرىنىڭ پائالىيىتىگە بېغىشلىنىدىغان بولدى. بەزى مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، شامانىزم دەۋرىدىلا جىن ـ ئالۋاستىلار بىلەن كۈرەش قىلغان، خەلقنىڭ بېشىغا ئاپەت سالغان ئەجدىھانى يەڭگەن رىۋايەت ئەپسانىۋى قەھرىمانلىرى بولغان. ئەجدادلىرىمىز ئۇلار نامىغا بالىلارنى ئورناتقان، يەر ناملىرىنى بېكىتكەن، بەھەيۋەت قەبرىلەر ياسىغان ۋە بۇ ھەقتە نۇرغۇنلىغان ھېكايە ـ چۆچەكلەر توقۇشقان. ئەجدادلار روھىي جەھەتتە ياراتقان قەھرىمانلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى ئىدېئال ـ فانتازىيەلىك تەرزدە ئىنسانىيەتنىڭ پارلاق كەلگۈسىگە ئىنتىلىشىنى، بۇ يولدا يەنىلا ئىنساننىڭ ئەقىل ـ پاراستىگە بولغان ئۈمىدى ئىپادىلىگەن. ئەجدادلار ياراتقان يۈزلەرچە قەھرىمانلىق ئوبرازلىرى قەھرىمان نوپۇزىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىدىن ئىپتىخارلانغانلىقىنى نامايان قىلغان.

## 2 . ئۇيغۇرلاردا ئۆلۈم ئېڭى ۋە ئۆلۈم پەرھىزلىرى

ئۆلۈم ــ ئىنسان ھاياتىدىكى قۇتۇلغىلى بولمايدىغان تەبىئىي مۇقەررەرلىك بولۇپ، ھاياتلىقنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان بىردىنبىر نەتىجە. ئىنسان ئۆلۈم ئارقىلىق پۈتكۈل دۇنيادىن، ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ قەدىردانلىرىدىن تائەبەتكە ۋىدالىشىدىغان بولغاچقا، ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ ۋەھىمىلىك سىگنالغا ئالاھىدە ئېتىبار كۆزدە قارىغان. ئىنسانلار ئىنسانىيەت جەمئىيىتى باشلانغاندىن تارتىپلا ئۆلۈم ھادىسىگە ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئىنچىكە ھېسسىياتلىرىنى، ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى، قەلبىدىكى ئەڭ چوڭقۇر قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىنى بېغىشلىغانىنىڭ سىرتىدا يەنە پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي پىسخىكىسى، دۇنيا قارىشىنى، ھايات ـ ئۆلۈم قارىشىنى سىڭدۈرۈپ، ئۆلۈمنى زامان، ماكان خاراكتېرىدىكى ھەرىكەتچان مۇراسىم كاتېگورىيەسىگە ئىگە قىلدى. شۇڭلاشقىمۇ، مەيلى ئىپتىدائىي دەپنە مۇراسىملىرى بولسۇن ياكى كېيىنكى دەۋرلەر مۇراسىملىرى بولسۇن، ھەممىسىلا تارىختىن بۇيان ئىنتايىن داغدۇغىلىق، سىرلىق ئۆتكۈزۈلۈپ كەلمەكتە. جۈملىدىن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرىگە نەزەر سالساق، ئۇيغۇرلارمۇ دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا بۇ مۇراسىمغا ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئېڭىنى، مىللىي پسىخىكىسىنى، مىللىي ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى بېغىشلاپ، كۆچلۈك مىللىيلىككە ۋە ئۆزگىچىلىككە ئىگە قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ھايات ـ ئۆلۈم قارىشىنى نامايان قىلغان[13].

مەلۇمكى، ئۆلۈم كىشىلىك ھاياتتىكى كارۋان ــ ئادەمنىڭ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان مەڭگۈلۈك تەقدىرى، باسمىسا بولمايدىغان ئەڭ ئاخىرقى قەدىمى. ئۆلۈم ئىنسان ھاياتىنىڭ خاتىمىسىدۇر.

يىراق قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپلا ئىنسانلار ئىپتىدائىي تەپەككۇرنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۆزلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ھالاك بولۇشى (ئۆلۈمى) ھەققىدە ئىزدىنىپ، بۇ جەرياندا ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك دۇنيا (ھايات ـ ئۆلۈم) ھەققىدىكى بىر قاتار ساددا ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىنى ياراتتى.

تەپەككۇرنىڭ يەنىمۇ بىر قەدەم تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆلۈمنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ئاستا ـ ئاستا ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا تەبىئەتنىڭ بەزى سىرلىق

قانۇنىيەتلىرىگە ۋە ئادەم بەدىنىدىكى بەزى فىزىئولوگىيەلىك ھادىسىلەرگە ئاساسلىنىپ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەممە شەيئىدە، جۈملىدىن، تەبىئەتنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئىنساندىمۇ بۇ دۇنيا بىلەن ئىلاھلار دۇنياسىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر خىل سىرلىق نەرسە — روھ بولىدۇ، ئىنساننىڭ جىسمى ئۆلسىمۇ، روھى مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل روھ قارىشىنىڭ بارلىققا كېلىشى «چۈش» ۋە «سايە» ھەققىدىكى ئەڭ ئىپتىدائىي ساددا تەسەۋۋۇرنى ئۆزىگە ئاساسىي ئىدىيەۋى مەنبە قىلدى.

ئىپتىدائىي دەۋرلەردە ئىنسانلار ئۆزلىرىگە دائىم ئەگىشىپ يۈرىدىغان سايىنىڭ ھەقىقىي سىرىنى چۈشەنمىگەچكە ھەم چۈشىنىشكە قۇربى يەتمىگەچكە، ئۇنى سىرلىقلاشتۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ روھى دەپ چۈشەندى.

مەلۇم بىر ئۇرۇق ئەزاسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىپ بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا ياكى شۇ كۈنى ۋە ياكى بىر نەچچە يىللاردىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ چۈشىگە كىرىپ خۇددى ئۆلمىگەندەكلا ئۆزلىرى بىلەن سۆزلىشىشى ئۇلارنىڭ روھ قارىشىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۈچۈن مۇھىم ئىدىيەۋى ئاساسلارنىڭ بىرى بولغانىدى.

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ھاياتلىق (ھاياتلىقنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە پائالىيىتى)نى ئىپتىدائىي ئېتىقاد نۇقتىسىدىن قانداق چۈشەنگەن بولسا، ئۆلۈمنىمۇ ئىنساننىڭ جىسمانىي ئۆلۈمى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى روھى ھاياتلىق پائالىيەتلىرىنىمۇ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادقا باغلاپ شۇنداق چۈشەندى ۋە شۇنداق چۈشىنىشكە تىرىشتى. ئۇلار يېڭى بىر ھاياتلىقنى دەبدەبە بىلەن كۈتۈۋېلىش بىلەن بىللە ئۆلۈمنىمۇ ئالاھىدە ھەيۋەت ئىچىدە ئۇزاتتى. بۇ جەرياندا ئۇلار ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئۆزلىرىگە خاس بىر قاتار دەپنە ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈردى، بۇلار كېيىنكى دەۋرلەردە ئىنسانىيەت مەدەنىيەت كاتېگورىيەسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى[14].

ئىنسانلار جەمئىيىتى ۋە ئىنسان ئەقىل - پاراسىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلار ئۆلۈمنى ئىلاھنىڭ كارامىتىگە باغلاپ چۈشەندۈردى. شۇڭا، نېمىس پەيلاسوپى فېيىرباخ: «ئەگەر دۇنيادا ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق ھادىسە مەۋجۇت بولمىغان بولسا، دىنمۇ پەيدا بولمىغان بولاتتى، شۇڭا تۇنجى ئىلاھ قەبرە بېشىدا بايقالغان»[15] دېگەنىدى. فرازېر (J.G.Frazer) ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈم قارىشىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى تەتقىق قىلىپ ۋە رەتكە تۇرغۇزۇپ، ئۇنى سېھىرگەرلىك، دىن، ئىلىم - پەندىن ئىبارەت فورمۇلاغا يىغىنچاقلىغان. فرازېر ئۆزىنىڭ «تەۋراتتىكى ئۆرپ - ئادەتلەر» (لوندون، 1918 - يىلى نەشرى) دېگەن كىتابىدا ئىپتىدائىي ئۆلۈملەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ھەققىدىكى ھەر خىل ئەپسانە بىلەن «ئىنجىل — دۇنيانىڭ يارىلىشى» توغرىسىدىكى ئەپسانىنى سېلىشتۇرۇپ، بۇ مەشھۇر ئەپسانىنىڭ مەنبەسىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان. ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، ئادەمئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ جەننەتتىكى ھېكايىسى ئۆلۈمنىڭ كېلىش مەنبەسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئەڭ تىپىك ئەپسانە ئىكەن. ئۇ مۇنداق: «.... خۇدا ئىنسانلارغا مەڭگۈلۈك ھاياتلىق ئاتا قىلىشقا تەييارلىق كۆرگەنىكەن ۋە ئادەمئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىغا ياخشىلىق ۋە رەزىللىك مېۋىسىنى پەرقلەندۈرۈپ يېيىش كېرەكلىكىنى، ئۇنداق قىلمايدىكەن، ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتقانىكەن. بىراق، ئىنسانلارنىڭ ئەجدادى بولغان ئادەمئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانا شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن چەكلەنگەن مېۋىنى يەپ قويۇپتۇ. نەتىجىدە ئۇلار بۇ گۇناھى ئۈچۈن جەننەتتىن قوغلىنىپ يەر يۈزىگە قايتۇرۇلۇپ، ئۆلۈم تەقدىرىنى مۇقەررەر قوبۇل قىلىشقا بۇيرۇلۇپتۇ...»، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، تۇنجى ئۆلۈم ئىنساننىڭ گۇناھىغا ئەگەشكەن ھالدا دۇنياغا كەلگەنىكەن[16].

ئۆلۈم ئېڭى مانا مۇشۇنداق دىن ۋە مەدەنىيەت كاتېگورىيەسىگە ئاستا - ئاستا سىڭىپ كىرىشكە

باشلاپ، ئۆلۈمگە دائىر بىر قاتار ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلارنى ۋە ئۆلۈم پەرھىزلىرىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئۆلۈمنىڭ ئالدىن ھېس قىلغىلى بولىدىغان ۋەھىمىلىك كۆلەڭگىسى كىشىلەردە ھامان ئاغلىق ياكى ئاگسىز ھالدا ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ۋەھىمىلىك كۆلەڭگىنىڭ تۇرتكىسى كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت ۋە ئىجاد قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. بىر دەۋردىن يەنە بىر دەۋرگىچە، بىر جەمئىيەت شەكلىدىن يەنە بىر جەمئىيەت شەكلىگىچە بولغان تارىخىي جەريانلاردا ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈم ۋە سەكراتقا بولغان پوزىتسىيەسىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆلۈم ۋەھىمىسى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرى ئارىسىدا بىر خىل سەۋەب ـ نەتىجىلىك باغلىنىش بولىدۇ. ئۆلۈم پەرھىزى ئومۇمەن مۇشۇ جەھەتتىكى سەۋەب ـ نەتىجىلىك باغلىنىشنىڭ مەدەنىيەت ئىنكاسى ھېسابلىنىدۇ[17].

ئادەتتىكى ئادەملەرگە نىسبەتەن ئۆلۈم بالا ـ قازادىن ئىبارەت بولۇپ، دائىم «ئىنسان تەبىئىتىنىڭ يوقىلىشى»نىڭ يامانلىقى دەپ قارىلىدۇ. «ئۆلۈم» قەدىمدىنلا پەرھىز قىلىنىدىغان سۆز تېمىسىغا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇ ھەقتە سۆزلىگۈچى ۋە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى «كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئادەم» دەپ ئەيىبلىنىپ كەلگەن. چۈنكى، مەيلى ئاڭلىغان ياكى سۆزلىگەن بولسۇن، ھەممىسى ياخشىلىقنىڭ ئىپادىسى ئەمەس ئىدى. بۇ خىل ئادەت بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆلۈم توغرۇلۇق سۆزلىشىپ قالغىنىدا، باشقا سىلىقراق ئۇسۇلدا ئىپادىلەشنى خالايدۇ. ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۆلۈمگە مۇناسىۋەتلىك بۇ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى «ئۆلۈم» دىن ئىبارەت بۇ سۆز تېمىسىنىڭ چېقىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرىغا ئايلىنىپ قالغان. چەت ئەللەردىمۇ ئەھۋال ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. مەسىلەن، ئۆلۈم ئىسپانچىمىسى دائىم «ئاھالە ئىستاتىستىكىسىدا جەدۋەلى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۆلۈم پەرھىزىنىڭ دۇنيا خاراكتېرلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

قەدىمكى ئىنسانلار ئۆلۈمنىڭ مۇقەررەر تەبىئىي ھادىسە ياكى باش تارتىپ بولمايدىغان رېئاللىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆلۈمنى ئېتىراپ قىلماسلىق پوزىتسىيەسى بىلەن يامان روھلارنى قوغلاش توغرىسىدا ئىبادەت قىلىش، قۇربانلىق قىلىش، دەپنە ـ مۇراسىم ئۆتكۈزۈش قاتارلىق تۈرلۈك قائىدە ـ يوسۇنلار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتىگە مۇشۇنداق پىسخىك روھىي قاتلىمىغا چوڭقۇر سىڭىپ، كىشىلەر ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىدىغان دىنىنىڭ مەزمۇن شەكلىگە ماس ھالدا ئۆلۈمگە نىسبەتەن ھەر خىل پەرھىزلەرنى تۇتقان. جۈملىدىن، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ھەرقايسى دەۋرلەردىكى دىنلار بىلەن زىچ باغلانغان ھەر خىل ئۆلۈم پەرھىزلىرىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بۇ خىل پەرھىزلەر شۇ دەۋرلەردىكى دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرىدە ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن[18].

مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى تارىختا كۆپ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغان. بۇ دىنلار ئوخشىمىغان تارىخىي باسقۇچلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا ۋە مەدەنىيىتىگە مۇھىم تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆلۈم ئېڭى ۋە ئۆلۈم پەرھىزلىرى ئادىتى جەھەتتىمۇ كۆپ خىللىقنى شەكىللەندۈرگەن.

**1) تەبىئەتكە چوقۇنۇش دەۋرىدىكى ئۆلۈم ئېڭى ۋە ئۆلۈم پەرھىزلىرى**

دىيارىمىزدا ئاپىرىدە بولۇپ، ئاۋۇپ ـ كۆپىيىپ، جامائەلىشىپ كەلگەن ئەجدادلارنىڭ «ھەممە نەرسىدە روھ بولىدۇ» دېگەن ئەڭ دەسلەپكى روھىي تەپەككۇرى ۋە ساددا قارىشىدىن كائىناتتىكى جىمىكى

شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرگە قارىتا چوقۇنۇش ۋە ئېتىقاد كېلىپ چىققانىدى. بۇ خىل ساددا، ئىپتىدائىي قاراشلار ئەجدادلار تەسەۋۋۇرىنى تېخىمۇ ئىلاھلاشتۇرۇپ، ھەممە نەرسىنىڭ كەينىدە شۇ نەرسىگە مۇئەككەل بولغۇچى تەڭرىلەر مەۋجۇت دېگەن قاراشقا ئېلىپ كەلدى. نەتىجىدە، قۇياش، يۇلتۇزلار، ئوت ۋە يورۇقلۇق مۇئەككەللىرى، سۇ، يامغۇر، ئېقىن، دەريا ـ كۆللەر مۇئەككەللىرى، تۇغۇت ۋە باللار مۇئەككەللىرى، سالامەتلىك، ئۆمۈر ـ رىزىق مۇئەككەللىرى مەيدانغا كەلدى. بۇ خىل يۈزلىگەن تەڭرى ـ مۇئەككەللەر ئۆزئارا قوشۇلۇپ، ئالمىشىپ، روھانىيەت ۋە تەسەۋۋۇرىنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ قاتلىمىنى شەكىللەندۈردى. نەتىجىدە ئۆلۈم، جان، تەن، روھ ھەققىدە، يارىلىش ـ تۆرىلىش ھەققىدە، قايتا تىرىلىش ھەققىدە تېخىمۇ كەڭ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدىغان بولدى.

تەبىئەتكە چوقۇنۇش دەۋرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، گەرچە بۇ دەۋردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆلۈم ئېڭى ۋە پەرھىزلىرىگە دائىر ئېنىق تارىخىي خاتىرىلەر قالدۇرۇلمىغان بولسىمۇ، ئەمما تەبىئەت ئېتىقاد ئادەتلىرىدىن شۇ دەۋردىكى ئۆلۈم ئېڭى ۋە ئۆلۈم پەرھىزلىرىنى يۈزەكى بولسىمۇ چۈشەنگىلى بولىدۇ. ئەجدادلىرىمىز كەڭ كائىناتتىكى جىمىكى شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرگە قارىتا چوقۇنۇش ۋە ئېتىقاد قىلغان دەۋرلەردە «ئادەم ئۆلسىمۇ ئۇنىڭ روھى ئۆلمەيدۇ» دەپ قارىغان ھەمدە ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ روھى (جىنى) ئۆز ئورۇقى ئىچىدە نەۋرە ـ چەۋرىلىرى سىياقىدا قايتا تۆرىلىپ ئۆزلىرى بىلەن مەڭگۈ بىللە ياشايدۇ، دەپ قارىغان. يەنە بىر جەھەتتىن ئۆزلىرىنىڭ تۆرىلىشى، ئاپىرىدە بولۇشى، يارىلىشىنى دەل ـ دەرەخ، تاغ ـ دەريا ۋە ھايۋانلارغا باغلاپ چۈشەنگەچكە، ئەجدادلار ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان دەرەخلەرنى كېسىش، ھايۋانلارنى تۇتۇش ـ ئۆلتۈرۈش، ھەتتا ئۇلارنىڭ گۆشلىرىنى يېيىشتىن پەرھىز تۇتقان. قىسقىسى، ئەجدادلارنىڭ بۇ دەۋردىكى ئۆلۈم ئېڭى ۋە ئۆلۈم پەرھىزلىرى چۈشەنچىسىدە «ئۆزلىرى تەبىئەتتىكى مەلۇم بىر شەيئىدىن يارالغان» لىقى ھەمدە «جان (روھ) يوقالمايدۇ» غانلىقى بىلەنلا چەكلەنگەن.

قەدىمكى تارىم ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئانىمىزملىق قاراشلىرى دىيارىمىزنىڭ روھىي ھاياتىغا، مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا روشەن ئىز قالدۇرۇپ كەتتى. ئارىيانلارنىڭ «ئاۋېستا»سىدا ساقلىنىپ قالغان بىر قاتار روھانىيەتچىل قاراشلىرىدىن، قەدىمكى ماۋائۇننەھرلىكلەرنىڭ قۇياش ئىلاھى مىترا، سۇ ئىلاھى خۇببى، جەڭ ئىلاھى مىررىخ توغرىسىدىكى رىۋايەتلىرىدىن، قەدىمكى تارىم ۋە مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ كۆن تەڭرى، كۆك تەڭرى، قاراخان تەڭرى، سۇ ـ يەر تەڭرىسى ۋە ئۇماي ئانا ھەققىدىكى ئېتىقادلىرىدىن ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا ئانىمىزمىنىڭ راۋاجلانغان مەنزىرىسىنى قىياس قىلىمىز ھەمدە ئۆلۈم ئېڭى ۋە ئۆلۈم قارىشىغا دائىر بەزى ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيمىز. شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، ئانىمىزملىق دۇنيا قاراش ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئۆلۈم ئېڭى بىلەن ئۆلۈم پەرھىزلىرى ۋە بۇ ھەقتىكى ئېتىنىك تۇرمۇش رىجىملىرى دىيارىمىز مەركىزىي ئاسىيا ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى، ھېكمەت ـ چۆچەكلىرى، شامان، بۇددا، ئاتەشپەرەسلىك ھەتتا ئىسلام ئېتىقادىغا ئۆزىنىڭ روھانىيەت شولىسىنى چۈشۈرمەي قويمىدى.[19] ئادەم ئۆلسىمۇ روھى ئۆلمەيدۇ، ئۇ نەۋرە ـ چەۋرىلىرى سىياقىدا قايتا تۆرىلىدۇ دېگەن ئۆلۈم قارىشى، ياخشى ـ يامان جىن ۋە ئالۋاستىلار توغرىسىدىكى سېھىرلىك قاراش ۋە ئۇنى گەۋدىلەندۈرگۈچى تۇمار، ئوقۇش (ئەپسۇن)، ئەم ـ ئىرىملەر ئەجدادلار ھاياتىدا ئانىمىزم دەۋرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ساقلىنىپ كەلدى.

## 2) توتېمىزم دەۋرىدىكى ئۆلۈم ئېڭى ۋە ئۆلۈم پەرھىزلىرى

تارىخ ـ ئارخېئولوگىيە مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئەجدادلىرىمىز تەبىئەت ئىلاھچىلىقى دەۋرىدىن كېيىن توتېمىزملىق ئالەم قارىشى باسقۇچىغا ئۆتكەن. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز بۇ دەۋردە ئۆزىنىڭ تەبىئەتتىكى ھەرقانداق شەيئىدىن ئەمەس، بەلكى مەلۇم مەنبەدىن مەيدانغا كەلگەنلىكى، بۇ ئانا

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com



ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ باشقا بىر ئانا ئۇرۇقداشلىق جامائەسىدىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا ۋە ئىپادىلەشكە باشلىدى. بىر ئۇرۇقنى يەنە بىر مەنبەدىن ئاپىرىدە بولغان دەپ قاراش، ئۆز مۇھىتى ۋە ئۇرۇقىنىڭ كوللېكتىپ كۈچىگە بولغان ھېرسىلىق، ئېپتىخار سەزگۈسى توتېمىزم① قاراشلىرىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسىي ئۆلىنى تەشكىل قىلدى.

توتېمىزملىق قاراشنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى ئىپتىدائىي ئەجدادلار كوللېكتىپىدا تەبىئەت قاراشلىرىدىن تاشقىرى يەنە ئىجتىمائىي ئۇرۇقداشلىق چۈشەنچىسىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى، ئىپتىدائىي ئىنسان مەدەنىيىتىدە ئېتنولوگىيەلىك ئۇقۇمنىڭ باشلانغانلىقىنى كۆرسەتتى.

دىيارىمىزدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلار يېڭى تاش قورال دەۋرى ئاخىرلاشقان ۋە برونزا قوراللىرى دەۋرىدىن باشلاپ توتېمىزملىق ئالامەتلىرىگە باي ئېتنىك مەدەنىيەت يارىتىشتى. ھەرقايسى توتېم ئۇرۇقلىرى بىرەر نەرسىنى ياكى تولا ھاللاردا ئىجتىمائىي تورمۇشتا ياكى تەسەۋۋۇردا ئۆزلىرىگە يېقىن بولغان مەلۇم بىر ھايۋاننى ئۆز توتېمى قىلىشتى.

ئۇيغۇر ئۇرۇقىغا مەنسۇپ قەبىلىلەرنىڭ بۆرىنى توتېم قىلغانلىقىنى بۇنىڭغا مىسال قىلىش مۇمكىن. بۆرە توتېمىغا ئائىت رىۋايەتلەردە ئۇيغۇر قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ قىزى كۆك تەڭرى بىلەن نىكاھلاشماق بولغىنىدا، كۆك تەڭرىنىڭ كۆك يالىلىق بۆرە شەكلىدە پەيدا بولغانلىقى؛ ئۇيغۇر قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ جەڭدە يېتىم قالغان ئوغلىنى بۆرە بېقىپ ئۆستۈرگەنلىكى؛ ئۇيغۇرلار دۈشمەن قورشاۋىدا قالغاندا پەيدا بولغان بۆرە ئۇلارنى تاغ ئۆڭكۈرى ئارقىلىق يېڭى تىنچ ماكانغا ئەگەشتۈرۈپ چىققانلىقى؛ ئۇيغۇر قاغانى ئوغۇزخاننىڭ كۆك يالىلىق بۆرىگە ئەگىشىپ تۆت تەرەپنى ئىستېلا قىلغانلىقى بايان قىلىنغان. كۆپلىگەن قەبرە يادىكارلىقلىرى، زىبۇ - زىننەت قۇتىلىرى، خەنجەر دەستىلىرى، كەمەر تاقىلىرى، تاج نەقىشلىرىگە بۆرە بېشى رەسىمى چۈشۈرۈلگەن. ئوغۇل تۇغۇلسا بۆرە بولدى دەپ ئىپادە قىلىشقان.

بۇ يەردە شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش لازىمكى، توتېمىزم دىنىي ھادىسىلا ئەمەس، ئەڭ ئالدى بىلەن ئەجدادلىرىمىز ئېڭىدا ئىپادىلەنگەن ئۇرۇقداشلىق چۈشەنچىسىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئېتنولوگىيەلىك ھادىسە بولۇپ، ئۇ ئىپتىدائىي ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى، قىيا تاش رەسىملىرى سەنئىتى، ھۈنەر - سەنئەت ۋە ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراغقا دائىر ئېتنولوگىيەلىك قائىدە - يوسۇن قاتارلىق مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ھەممە ساھەسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

توتېم ئەقىدىلىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى زامان ئىجتىمائىي تورمۇشىنىڭ ئېتنىك تەشكىلىي شەكلى ھەمدە ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراغ، قائىدە - يوسۇن مىزانى بولۇپ، ئۇنىڭدا بىرەر ئۇرۇق ئىچىدە بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشكە ۋە ئۆزئارا نىكاھقا يول قويۇلمايتتى②. كىشى ئۆلسە ئۇنىڭ جېنى (روھى) شۇ ئۇرۇق ئۆزلىرىگە توتېم قىلغان ھايۋاندا دەپ قاراپ، شۇ ھايۋاننى ئۆلتۈرمەيتتى. ئەجدادلار ئۆلۈم - يېتىم، دەپنە مۇراسىمى، نەزىر - چىراغ قاتارلىق ئۆلۈم ئىشى ۋە ئۆلۈم پەرھىزلىرىگە توتېم ئەقىدىسى بويىچە مۇئامىلە قىلاتتى. مېيىتنى شۇ ھايۋان ياشايدىغان جايلارغا دەپنە قىلاتتى، نەزىر - چىراغ، مۇراسىملارنى ئۆتكۈزەتتى. ئەجدادلار مەلۇم ئۇرۇقنىڭ، ئۇرۇقلار تۈركۈمىنىڭ باي، رەڭگارەڭ، ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە ئىلاھىي تەسەۋۋۇرىنى مەلۇم ھايۋان ئالامىتىگە مەركەزلەشتۈرۈپ ئىپادىلىگەن ۋە تەسەۋۋۇر قىلغان بولغاچقا، ئۆزلىرىگە توتېم قىلغان ھايۋانغا چوقۇنغان. نەتىجىدە ئەجدادلارنىڭ ئېڭىدىكى ئۆلۈم ۋە ئۆلۈم پەرھىزلىرىدە ئادەم ئۆلسىمۇ ئۇنىڭ جېنى ياكى روھى مەلۇم ھايۋان تېنىدە مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ ئۇرۇق ئەزالىرىغا ياخشىلىق، خەيرلىك ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ قاراشقان ۋە بارلىق ئۈمىد - ئارزۇلىرىنى ئۆزلىرىگە توتېم قىلغان مەلۇم ھايۋانغا باغلاپ چۈشەنگەن.

### 3) شامانىزم دەۋرىدىكى ئۆلۈم ئېڭى ۋە ئۆلۈم پەرھىزلىرى

دىيارىمىز ئاھالىلىرى ھاياتىدا ئىپتىدائىي ئىلاھىيەتچىلىك ۋە توتېمىزملىق قاراشلاردىن كېيىن شامانىزملىق ئىلاھىيەت قاراشلىرى شەكىللەنگەنىدى. ئالەمنى تەبىئەت ۋە جىن ـ مۇئەككەللەردىن ئىبارەت ئىككى قاتلام بويىچە ئىزاھلاش شامانىزملىق ئەقىدىنىڭ ئاساسى بولغانىدى.

قەدىمكى تارىم ـ تەكلىماكان ئاھالىلىرى شامانىزملىق قاراشلىرى بويىچە بارلىق جىن ـ مۇئەككەللەرنى ئادەمگە، ئورۇق ۋە قەبىلىگە پايدىلىق ياكى زىيانلىق بولۇشنى ئۆلچەم قىلىپ، ياخشى ـ يامان تۇرلەرگە ئاجراتتى. ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنى ئۆلچەم ۋە مەركەز قىلغان ھالدا ئالەمنى ئۈچ قاتلامغا ئاجرىتىپ چۈشەندۈردى. يەنى ئاسمان (كۆك) — تەڭرىلەر بولسا ياخشى ۋە ساخاۋەتلىك مۇئەككەللەر تۇرىدىغان دەرگاھ بولۇپ، ئۇلار، سىغىنىش، مەدھىيىلەش، تىلاۋەت ۋە مۇناجات ئوبيېكتى ھېسابلىناتتى. يەر يۈزى بولسا ئىنسانىيەت ماكانى بولۇپ، يەر ئاستى ـ زىيانلىق جىن ـ ئالۋاستى، مۇئەككەللەر دۇنياسى ھېسابلانغانىدى. ئۇلار قارغىش، دۇئايىبەت، ئەپسۇن ئوبيېكتى بولغانىدى. شامان ئېتىقادىدا ياخشىلىق، ساخاۋەتلىك تەڭرى ـ مۇئەككەللەر ئىنسان قىياپەتلىك تەسۋىرلەنگەن، ھۆر ـ پەرىلەر ئوبرازىدا يۈزلىگەن گۈزەل ئەپسانىلەر مەيدانغا كەلگەن. جىن ـ ئالۋاستىلار ناھايىتى سەت، خۇنۇك، ھايۋان قىياپەتلىك تەسۋىرلەنگەن، يەتتە باشلىق يالماۋۇز، ئالۋاستى، كۆپ باشلىق ئەجدىھا ـ يىلان، قورقۇنچلۇق تېكە ساقال ئالۋاستى، پېشانىسىدە بىرلا كۆزى بار يەكچەشمە... ئوبرازىدىمۇ كۆپلىگەن ھېكايە ـ چۆچەكلەر توقۇشقان.

ئەجدادلار ھاياتىدىكى شامان ئېتىقادى ئۆلۈم ـ يېتىم، دەپنە ـ مۇراسىم، نەزىر ـ چىراغ، تۈرلۈك دىنىي مۇراسىملار، قۇربانلىق ۋە ئىستىقامەت قىلىش، ھېيت ـ ئايەم، پال ئېچىش، يۇلتۇزغا بېقىش ۋە باشقا قائىدە ـ يوسۇن، رىجىلەرگە ئۆز تەسىرىنى سىڭدۈرۈش ئارقىلىق ئەجدادلارنىڭ پۈتۈن ئېتىنىك تۇرمۇشلىرىنىڭ شامانىزملىق دۇنيا قارىشىنى چۆرىدىگەن ئىلاھىيەتچىلىك قۇرۇلما ھاسىل قىلىشنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى.

شامانىزم ھاياتىدىكى ئەجدادلارمۇ شۇ زامان روھىيەت قاراشلىرىغا خاس ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىر ـ چىراغ قاراشلىرىنى، بولۇپمۇ ئۇلار ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئۆلۈم ئېڭى ۋە ئۆلۈم پەرھىزلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. شامانىزم ھاياتىدا ئەجدادلار ھەر خىل كارامەتكە ئىگە تەڭرى ـ مۇئەككەللەرگە ئېتىقاد قىلغاندىن تاشقىرى، تەبىئەت ئىلاھىيەتچىلىكى دەۋرىدىكى ئوتقا، سۇغا، تاغ ـ داۋانلارغا، كۆككە (ئاسمانغا)، دەل ـ دەرەخلەرگە ۋە ھايۋانلارغا چوقۇنۇشنى ئېتىنىك تۇرمۇش مىزانلىرىدىن سىقىپ چىقارمىغان.

شامان دىنى ئوتقا چوقۇنۇشنى ئاساس قىلغان ئىپتىدائىي خاراكتېردىكى دىن بولۇپ، سىستېمىلىق دەستۇرى، دىنىي تەشكىلاتى بولمىغان كۆپ خۇدالىق دىن ئىدى. ئۇنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغان مۇھىم نەرسىلەرنىڭ بىرى ئوت بولۇپ، ئوت ئەڭ مۇقەددەس، ئەڭ پاك ھېسابلىناتتى. شۇڭلاشقىمۇ، بۇ دەۋردىكى كىشىلەر ئۆلگەن ئادەملەرنى يەرگە بىۋاسىتە كۆممىگەن، ئۆلگۈچى ئاۋۋال ئوتتا كۆيدۈرۈلۈپ، كۈلى كومزەككە قاچىلىنىپ، ئاندىن كۆمۈلگەن، بۇنى دىيارىمىزدىكى ھەرقايسى جايلاردىن قېزىۋېلىنغان شۇ دەۋرگە تەۋە ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلار ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مەسىلەن، «1976 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ كەلپىن ناھىيەسىدىن ئۈچ دانە چېدىر شەكىللىك ساپال كومزەك تاپقان، بۇ كومزەك تاغ باغرىدىكى توپا قاتلاملىرىدىن چىققان بولۇپ، ئىچىگە قەدىمكى ئادەملەرنىڭ جەسەت كۈلى قاچىلانغان»[22].

شامانىزم دەۋرىدە ناخشا - قوشاق ئۆلۈكلەرنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتىدۇ، ئوت بولسا ئۇنىڭ روھىنى ئېلىپ كېتىدۇ، دېگەن قاراش بولغاچقا، ئۆلۈكنى كۆيدۈرۈپ ئۇزىتىش ۋە ئۇنىڭغا ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا بىلەن جور بولۇش قاتارلىق ئادەتلەر تۈركىي تىللىق قوۋملاردا ئۇزاق زامان ساقلانغان[23]. موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزى بۇ ھەقتە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «ئول زامانلاردا ئاتا - ئانىسى، بالىلىرى ئۆلگەندە مۇسىبەت - ماتەمدە تەمبۇر چېلىپ يىغلاپ، ئۆلۈكنى كۆيدۈرۈۋېتىش رەسمى بار ئەردى»[24]. «ئۇ ۋاقىتلاردىكى ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئاندىن دەپنە قىلىش ۋە ئاۋۋال دەپنە قىلىۋېلىپ ئاندىن كۆيدۈرۈش قاتارلىق ئىككى خىل شەكىلگە ئىگە ئىدى»[25].

ئومۇمەن، شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋردە دەپنە مۇراسىملاردا ئوت، ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا قاتارلىقلار ئۆزئارا بىرىكىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ ۋاقىتلاردىكى پەرھىز ئادەتلىرى ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۆلۈم پەرھىزلىرى بىلەن تۈپتىن ئوخشاشمايدۇ[26].

ئاسمان جىسىملىرىغا چوقۇنۇش شامانىزمنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئېتىقاد شەكلى بولۇپ، ئۇلار قۇياش (كۈن)، ئاسمان (كۆك)، يۇلتۇزلارغا چوقۇنۇپ، بۇلارنى ئىلاھ دەرىجىگە كۆتۈرگەن. كۆككە چوقۇنۇش ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا مۇئەييەن سالماقنى ئىگىلىگەن. كۆككە چوقۇنۇش ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي - مەدەنىيەت ساھەلىرىگە ئومۇمىيۈزلۈك سىڭىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ دەۋرگە ئائىت قەبرىلەردىكى جەسەتلەرنىڭ يۈزى كۆككە (ئاسمانغا) قارىتىپ قويۇلغان. شۇنداقلا، قۇياش شەرقتىن چىققانلىقى ئۈچۈن، شەرق تەرەپنى ئۇلۇغلاش ئادىتى شەكىللىنىپ، بۇ ئادەت دەپنە - مۇراسىملارغىمۇ سىڭگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دىيارىمىزنىڭ جاي - جايلىرىدىن ئارقا - ئارقىدىن تېپىلغان قەدىمكى قەبرىلەردە بۇ ھالەت روشەن ئەكس ئېتىدۇ. مەسىلەن، «1979 - يىلى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن قىرغىقىدىن تېپىلغان قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ يىل دەۋرى 95 ± 3880 يىل بولۇپ، لەھەت تىك قېزىلغان ۋە تۆت تەرىپى توغراق بىلەن توسۇلغان، جەسەتنىڭ بېشى شەرق تەرەپكە قارىتىلغان...»[27]. ستەيىن: «بۇ قەبرىلەرنىڭ ئادەم قويۇلغان ۋاقتىنى تاش قورال دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە سۈرۈشكە بولىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ[28].

دېمەك، كۆككە چوقۇنۇش دەۋرىدىكى دەپنە مۇراسىملاردا ئىپادىلەنگەن جەسەتنىڭ يۈزىنى كۆكتىن باشقا تەرەپكە قارىتىپ قويماسلىق ئۇلارنىڭ دەپنە مۇراسىملىرىدىكى بىر خىل پەرھىز ئادىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنداق قىلىش بەلكىم شامانىزمنىڭ كۆكنى ئۇلۇغلىشىدىن بولغان بولسا كېرەك[29].

## 4) زوروئاستېر دىنى دەۋرىدىكى ئۆلۈم ئېڭى ۋە ئۆلۈم پەرھىزلىرى

زوروئاستېر دىنى (ئۇيغۇرلار ۋە تۈركىي خەلقلەر ئۇنى زەردۇشت دىنى، ئاتەش دىنى، ئاتەشپەرەسلىك دىنى، زەردۇشتىزم دېگەندەك ناملاردا ئاتىغان) ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا - مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى بىر زامان ئېتىقاد قىلىپ ئۆتكەن ئاساسلىق دىنىي ئىدېئولوگىيەنىڭ يەنە بىرى ھېسابلىنىدۇ.

مەلۇمكى، ئاتەشپەرەسلىكنىڭ ئەنئەنىۋى چەلپەكتۇس - ئوتقا سىغىنىش پائالىيىتىدىن خاس دىنىي ئېتىقادقا — زوروئاستېرىزم دىنىغا ئۆزگىرىشى بۇ دىنىنىڭ ئىجادچىسى زوروئاستېر ۋە بۇ دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى - دەستۇرى «ئاۋېستا» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولدى. بۇ دىنىنىڭ ئەسلىي ماكانى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىدىيەۋى بۇلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ يورۇقلۇق مەنبەسى قۇياش بىلەن ئوتقا بولغان ئەنئەنىۋى ئېتىقادى. بۇ دىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 7 - ياكى 9 - ئەسىرلەردە ئىجاد قىلىنغان ۋە ئوتتۇرا - مەركىزىي ئاسىيا خەلقى روھىيەت تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرگەن.

مەلۇمكى، شامان دىنىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان زوروئاستېر دىنىدىمۇ ئوتنى مۇقەددەس بىلىپ ئۇنىڭغا چوقۇنغان. بەلكى بۇ خىل چوقۇنۇش ئىلگىرىكى دىنلار ئاساسىدا تېخىمۇ راۋاجلانغان. لېكىن،

زەردۇشت دىنىنىڭ ئۆلۈم قارىشى ۋە ئۆلۈم ئېڭى بىلەن دەپنە مۇراسىملىرىدىكى پەرھىزلەر شامان دىنىدىن پەرقلىق بولغان. يەنى، زەردۇشت دىنىدا كىشى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ گۆشلىرى ئۇستىخىنىدىن ئاجرىتىۋېلىنىپ، ئۇستىخان كومزەك ئىچىگە بەدەنىنىڭ رەت تەرتىپى بويىچە (يەنى، ئاۋۋال پۇت ـ بارماق، كاسىسا، بەل، گەۋدە، قول ۋە ئەڭ ئاخىرىدا باشنىڭ سۆڭىكى) تىزىپ قويۇلىدۇ ۋە بۇ كومزەكنى يەرگە كۆمىدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب زەردۇشت دىنىدا «ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، بەدەندىكى گۆشلەر يامان، پاسكىنا، ھارام، كىر» دەپ قارىلىدۇ. ئۆلۈم ئېڭى ۋە ئۆلۈم قارىشى جەھەتتە بولسا، «روھ مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ» دەپ قارايدۇ ھەمدە ئۆلگەن كىشىنىڭ جىسمى ئۆلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ روھى ئۆزۈق ـ جەمەتلىرى ئىچىدە ياشاۋېرىدۇ. ئاتەش (ئوت) ئىلاھى ئۇنىڭ روھىنى قوغدىنىدۇرۇپ قويمايدۇ دېگەنگە ئىشىنىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ دىندىكى دەپنە ـ مۇراسىم ئادەتلىرىدە مېيىتنى گۆشى بىلەن بىللە دەپنە قىلىش پەرھىز تۇتۇلغان بولۇپ، پەقەت ئۇستىخانلىرىلا دەپنە قىلىنىدۇ. تۇرپاننىڭ ئاستانىدىن تېپىلغان زەردۇشت دىنى دەۋرىگە تەئەللۇق بىرنەچچە جەسەت ئۇستىخانلىرى قاچىلانغان كومزەكلەرنىڭ تېپىلىشى بۇنىڭ جانلىق پاكىتى بولالايدۇ.

**5) بۇددىزىم دەۋرىدىكى ئۆلۈم ئېڭى ۋە ئۆلۈم پەرھىزلىرى**

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 560 — 480 ـ يىللىرى ياشىغان ساكيامونى (يەنى سىددىخارتخا) ئاپىرىدە قىلغان بۇددا دىنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2 ـ، 1 ـ ئەسىرلەردە دىيارىمىزغا تارقالدى ۋە ئۇدۇن (خوتەن) بىلەن كۇسەن (كۇچا) دە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەنىۋى ھاياتى ۋە ئىدىيولوگىيەلىك قاراشلىرى تارىخىدا مىڭ يىللار داۋامىدا بۇددىزىم غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. مىڭ يىللار مابەينىدە دىيارىمىز بۇددا ئالىملىرى ۋە سەنئەتچىلىرى بۇددىزمىنىڭ تاكامۇللىشىشى، كېڭىيىشىگە، جۈملىدىن بۇددىزىم سەنئىتىگە كۈچلۈك تۆھپە قوشقان. بۇددىزىم دىيارىمىزدا يالغۇز دىنىي ئىدىيولوگىيە سۈپىتىدىلا ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن كۆپ تەرەپلىملىك مەدەنىيەت ئۇنىۋېرسالىزمى ھادىسىسى سۈپىتىدە ئالاھىدە بىر تارىخىي دەۋرنى شەكىللەندۈرگەن.

مەلۇمكى، بۇددىزىم پۈتۈنلەي تەركىدۇنيالىق روھىدا، رېئال دۇنيانى «چەكسىز ئازاب» دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا سەلبىي باھا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئىنسانىيەتكە قۇتۇلماقلىق نىجاتىنى ئىزدەش ئاساسىدا ئۆز تەلىماتىنى تۈزگەن.

بۇددىزمىنىڭ نېگىزلىك تەلىماتى «تۆت ئالىي ھەقىقەت» ئەقىدىسى غوللۇق ئورۇندا تۇراتتى. بۇ «تۆت ئالىي ھەقىقەت»: رېئال دۇنيانىڭ ئازابلىق بولىدىغانلىقى بەرھەقىقەت، ئازابنىڭ ئون ئىككى سەۋەبتىن بولىدىغانلىقى بەرھەقىقەت، ئازابتىن قۇتۇلۇش مۇمكىنلىكى بەرھەقىقەت، ئازابتىن قۇتۇلۇش يوللىرى ۋە ئۇسۇللىرى بەرھەقىقەت، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

بۇددىزمىنىڭ «ئون ئىككى سەۋەب» ئەقىدىسى ئازابنىڭ سەۋەبلىرى، يىلتىزلىرىغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇلار: بىلمەسلىك، بىلىپ قېلىش، روھىيەت، بەدەن، سەزگۈ، تەسىرلىنىش، مۇھەببەت، ئىنتىلىش، مۇھىت، تۇغۇلماق، كېسەللىك ۋە قېرىش، ئۆلمەك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[10].

بۇددىزىم ئىنساننىڭ ئازاب دۇنياسىدىن پەقەت نىرۋانا (Nirvana) دۇنياسىدىلا قۇتۇلۇش مۇمكىنلىكىنى جەزملەشتۈرىدۇ. نىرۋانا ئىبارىسى ئەنەتكەك (سانسكرىت) تىلدا «ئۆچمەك» دېگەن سۆز بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ تۈرلۈك ئارزۇ ۋە ھەۋەستىن مەھرۇم بولۇشنى، ئاڭنىڭ يوقىلىشنى، پانىي دۇنيا خىياللىرىنىڭ يوقىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئارخاتلىق يولى — ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ نىرۋانىچە نىجادىيەت يولى دېيىلىدۇ.

بۇددىزىم نىرۋاناغا ئېرىشىش يولىدا ئارخاتلىق ماقامىغا يېتىشنىڭ ئەخلاقىي شەرتىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇ بولسىمۇ قاراشنىڭ دۇرۇسلۇقى، نىيەتنىڭ دۇرۇسلۇقى، سۆزنىڭ دۇرۇسلۇقى، ھەرىكەتنىڭ دۇرۇسلۇقى، تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ دۇرۇسلۇقى، تىرىشچانلىقنىڭ دۇرۇسلۇقى، پىكىر قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى، روھنى يىغىنچاقلاشنىڭ دۇرۇسلۇقىدىن ئىبارەت.

بۇددىزم تارىخىي ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، بۇددىزم تەرغىباتىدىكى ئۆلۈم ئېڭى ۋە ئۆلۈم پەرھىزلىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى، توتېم ئېتىقادچىلىقى ۋە شامان ئېتىقادچىلىقىغا زادىلا ئوخشاشمايدۇ. باشتىن ـ ئاخىر «ئۆلۈپ قايتا تۇغۇلۇشنىڭ دەۋر قىلىنىشى»نى ئۆزىنىڭ ئۆلۈم ئېڭى ۋە ئۆلۈم پەرھىزى قىلغان.

بۇددىزملىق دۇنيا قاراش، بۇددىزملىق ئۆلۈم ئېڭى ۋە ئۆلۈم پەرھىزلىرىدە بۇددىستلار ئالەمنى ماكان جەھەتتە ئۈچ چوڭ قاتلامغا بۆلىدۇ. يەر ئاستىدا مۇز، ئوت ۋە باشقا ئازابتىن تەشكىل تاپقان دوزاخ بولۇپ، ئۇ جىنلار ماكانى؛ يەر ئۈستى مىرو تاغلىرىنى گەۋدە قىلغان ھالدا كۆپ قاتلاملىق بولۇپ، ئۇنىڭ تۆۋىنى ھاۋا، سۇغا، يۇقىرىسى ئاسمانغا تۇتىشىدۇ. ئاسمان 33 قەۋەت بولۇپ، ئىلاھلار جايلاشقان. بۇددىزم يەنە زاماننى ئۆتمۈش، ھازىر، كەلگۈسىدىن ئىبارەت «ئۈچ ئۆتكۈ» گە بۆلۈپ قارايدۇ. مۇشۇ ئاساستا «ئۆلۈپ تۇغۇلۇشنىڭ دەۋر قىلىشى» (Sansara) ئەقىدىسىنى تەكىتلەيدۇ. بۇددا نوم ـ سۇترالىرىدا رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇددا شاھزادە سىددىخارتخا بولۇپ، تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى 550 قېتىم تۇغۇلغانمىش. ئۇ بەزىدە پادىشاھ، بەزىدە براخمان، بەزىدە پادىچى، بەزىدە تۆمۈرچى ۋە بىر قېتىم نەققاش، بىر قېتىم ئۇسسۇلچى بولۇپ تۇغۇلغان ۋە دۇنيادا قايتا تۇغۇلۇشنىڭ ئازابلىق ئىكەنلىكىنى ئىزچىل قەيت قىلغان[31].

بۇددىزملىق ئۆلۈم ئېڭى ۋە ئۆلۈم پەرھىزلىرىنىڭ نېگىزلىك تەلىماتى «بۇ دۇنيا ئازابتۇر. تۇغۇلماق ۋە قايتا تۇغۇلماق، قېرىماق، كېسەل بولماق، ئۆلمەكنىڭ ھەممىسى ئازابتۇر»، «ئىنسانلار بۇ پانىي ئالەم ئازابلىرىدىن خالاس بولمىقى، قايتا ـ قايتا تۇغۇلىۋېرىش ئازابىدىن قۇتۇلۇشى ۋە ئازابسىز نىرۋانا جەننىتىگە كىرەلىشى تامامەن مۇمكىن» دەپ قاراش بىلەن بىللە، يەنە مەڭگۈ تۇغۇلماي ۋە ئۆلمەي جەننەتتە ياشاشنىڭ يوللىرىنى مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «ئىنسانلار مەڭگۈ ئازاب چەكمەيدىغان نىرۋانا — جەننەتكە كىرىشى ئۈچۈن پەقەت ۋە پەقەت بۇددا يولىدا ئىستىقامەت قىلىپ، بۇددىزملىق تەربىيە مەشقى ئېلىپ بېرىپ، بارلىق ئارزۇ ـ ھەۋەسلەردىن تولۇق قول ئۈزگەندە ئاندىن قايتا تۇغۇلۇش ئازابىدىن مەڭگۈ قۇتۇلۇپ، باقىي ئالەم — جەننەت نىرۋاناسىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.»

بۇددا دىنى ئۆزىنىڭ ئۆلۈم ئېڭى ۋە ئۆلۈم پەرھىزلىرىدە يەنە «تۆت ھەقىقەت» (Satya) تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇلار: «ئازاب، سەۋەب، خالاس، يول» دىن ئىبارەت بولغان.

بۇددىزملىق ئازاب ئۇقۇمى — «ئازاب» — (Duhkhsatya) دۇنيا ئازاب دېمەكتۇر، تۇغۇلماق، قېرىماق، ئاغرىماق، ئۆلمەك ئازابتۇر، دېگەن كىشىلىك قارىشىنى كۆرسىتىدۇ. «ئازاب» — ھەقىقەتتۇر دېگەن قاراش «ئىككى ئازاب» (بەدەن ئىچىدىن ۋە بەدەن سىرتىدىن كېلىدىغان«سەككىز ئازاب» (يۇقىرىقى تۆت ئازاب بىلەن ھىجران ئازابى، رەقىب ـ كۈشەندىلەر ئازابى، خاھىشقا ئېرىشەلمەسلىك ئازابى)، «ئۈچ ئازاب» (ئاچ ـ يالىڭاچلىق ئازابى، باياشاتلىقتىن كېلىدىغان ئازاب، بەخت ۋە مۇھەببەتنىڭ بىقارارلىقىدىن پەيدا بولىدىغان ئازاب)، «تۆت ئازاب» (تۇغۇلماقلىق، قېرىماقلىق، كېسەل بولماقلىق، ئۆلمەكلىك ئازابى)، ئېرىشەلمەسلىك ئازابى، بەش سەزگۈنىڭ ئاچ كۆزلۈكىدىن كېلىدىغان ئازابلار) قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنگەن. بۇ ئۆلۈم ئېڭى ۋە ئۆلۈم پەرھىزلىرى، تەبىئەت، كىشىلىك ۋە روھىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

بۇددا ئەۋلىياسى ساكيامونى بۇ ئازابلارنىڭ مەنبەسىنى «ئاچ كۆزلۈك»، «ھەسەتخورلۇق»، «نادانلىق» تىن ئىبارەت «ئۈچ زەھەر»گە يىغىنچاقلىغان. بۇ زەھەرلەر كىشىنى ئۆزىنى قۇتۇلدۇرالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرىدۇ، دەپ تەۋسىيە قىلغان. كېيىن بۇددىزم مۇتىۋەرلىرى «سەۋەب» (Samudyasatya) ھەقىقىتىنى

راۋاجلاندۇرۇپ، «ئون ئىككى سەۋەب» (十二因缘, samutpada pratitya Dvadasanga) تەلىماتىنى ياراتقان. ئۇلار «پائالىيەت، روھىي پائالىيەت، بالىياتقۇدىكى بەدەن شەكلى ۋە روھ، ئالتە سەزگۇ، يولۇقماق، تەسىرلەنمەك، ئارزۇ - ھەۋەس، ئىزدىنىپ ئېرىشمەك، ئىدىيەۋى پائالىيەت (سانسارا - قايتا تۇغۇلماق)، قېرىپ ئۆلمەك» تىن ئىبارەت. «ئون ئىككى سەۋەب» قارىشى روھانىيەتچىل، ئومىدسىز، دىيالېكتىك خاراكتېر ئالغان. بۇددىزمدا «ياخشىلىقنىڭ ياخشى ھېسابى بولىدۇ، يامانلىقنىڭ يامان ئاقىۋىتى كۆرۈنىدۇ» دېگەن قاراش، پەقەت بۇددا تەلىماتى تەربىيەسىدە بۇددىۋىغا ئايلىنىپ، ئەڭ ئالىي ياخشىلىققا ئېرىشىپ، ئالەم ئازابلىرىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىنلىكى بىلەن نىجادىيەتلەنگەن[32].

دېمەك، ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى تارىملىقلارنىڭ دۇنيا قاراش، ئۆلۈم ئېڭى ۋە ئۆلۈم پەرھىزلىرىدە مىڭ يىلدىن ئارتۇق نوپۇزدا تۇرۇپ كەلگەن بۇددا دىنى ئەقىدىلىرى ئۇيغۇرلار ئىدېئولوگىيەسىگە غايەت زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. نەتىجىدە بىر خۇدالىق بۇددا دىنىنىڭ يۇرتىمىزدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىغا ئەگىشىپ، دىيارىمىزدىكى ئەجدادلارنىڭ ئالەم قارىشى، ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلىرى ۋە ئېتىنىك تۇرمۇشىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. شۇ قاتاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈم ئېڭى ۋە ئۆلۈم پەرھىزلىرىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بولدى.

تارىخ - ئارخېئولوگىيە مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇددىزم دەۋرىدە دىيارىمىز ئاھالىلىرى ئۆلۈم ئېڭىدا ۋە ئۆلۈم پەرھىزلىرىدە ئاساسەن مېيىتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەنلىكى مەلۇم. چۈنكى، تارىم - تەكلىماكان ئەتراپلىرىدىكى بوستانلىق ۋادىلاردىن تېپىلغان بۇددىزم دەۋرىگە تەئەللۇق قەبرىلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە جەسەتنى كۆيدۈرۈپ، ئاندىن كومزەكلەرگە قاچىلاپ يەرلىككە قويغان ئەھۋاللار كۆپلەپ ئۇچرىدى (بولۇپمۇ قەدىمكى كوسەن تەۋەسىدىكى جايلاردا).

يەنە بۇ ھەقتە يېزىلغان تارىخىي خاتىرىلەرمۇ بار. مەسىلەن، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ راھىبى خۇي شېڭ شىپىڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 516 - يىلى) پادىشاھ خوتەيخۇنىڭ پەرمانى بويىچە راھىب سۇڭ يۈن قاتارلىقلار بىلەن بىللە دىيارىمىزغا بۇددا دىنىدىن بىلىم ئاشۇرغىلى ۋە نوم - سۇترا ئالغىلى كېلىپ، خوتەندە گۇمانى ئىبادەتخانىسىدا تەلىم ئالغان. ئۇ جېڭگۇاڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 522 - يىلى) 170 قىسىملىق نوملارنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتقان ھەمدە «خۇيشىڭ سەپەر خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىنى يازغان. ئۇ بۇ كىتابىدا خوتەندە كۆرگەن ئۆلۈم پەرھىزلىرى ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ:

«خوتەن بۇددىستلىرى ئۆلگۈچىنى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى كومزەككە قاچىلاپ يەرگە كۆمىدىكەن، خاتىرىلەپ تۇرۇش ئۈچۈن يېنىغا بۇت ئورنىتىدىكەن، ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى چېچىنى كېسىپ، يۈزىنى تاتىلاپ ھازا بىلدۈرىدىكەن، پادىشاھنىڭ جەسىتىلا كۆيدۈرۈلمەي تاۋۇتقا سېلىنىپ، يىراق دالاغا دەپنە قىلىنىدىكەن، كىشىلەرنىڭ دائىم يوقلاپ تۇرۇشى ئۈچۈن قەبرە يېنىغا بۇتخانا سېلىنىدىكەن»[33]. خۇي شېڭنىڭ بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلىرىدىن بىز شۇنى بىلەلەيمىزكى، بۇ ۋاقىتتىكى ئۆلۈم ئادەتلىرىدە شامان دەۋرىدىكى جەسەتنى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى كومزەككە قاچىلاپ كۆمۈشتەك ئادەت ساقلانغان بولسىمۇ، ئەمما پادىشاھلارنىڭ، خانلارنىڭ جەسىتىنى كۆيدۈرۈش پەرھىز تۇتۇلۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى يىراق دالالارغا كۆمۈلگەن. «1959 - يىلى نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان پادىشاھ قەبرىسىدە پادىشاھ ۋە خانىشنىڭ جەسىتى بىر ساندۇققا سېلىنغان. مومىيالانغان جەسەتلەر كۆرپە ئۈستىگە ياتقۇزۇلغان، بېشىغا ياستۇق قويۇلغان. ئەر ئوڭ تەرەپتە، ئايال سول تەرەپتە ياتقان»[34]. بۇ خىل قەبرىلەرنىڭ تېپىلىشى يۇقىرىقى قاراشنى تېخىمۇ جانلىق ئىسپاتلايدۇ.

قۇللۇق جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە، بۇددىزمنىڭ دەپنە ئادەتلىرى قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ بەزىبىر قائىدە - يوسۇنلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. يەنى، قۇلدار بىلەن قۇللارنى دەپنە

قىلىنىشتىكى دەرىجە پەرقى روشەن بولۇپ، قۇلدار ئۆلگەندە ئۇلارغا نۇرغۇن نەرسىلەر قوشۇپ كۆمۈلگەن بولسا، قۇللارغا ھېچقانداق نەرسە قوشۇپ كۆمۈلمىگەن، بەلكى بۇنداق قىلىش پەرھىز تۇتۇلغان.

تاشقورغاندىكى شامبابا قەبرىستانلىقىنىڭ ئىچىدىكى بىر قەبرىگە ئىككى جەسەت قويۇلغان. A جەسەتنىڭ يېنىغا ساپال قاچىلار، مىس بۇيۇملار، تۆمۈر قورallar قويۇلغان. B جەسەتنىڭ يۈزى A جەسەتنىڭ يۈزىگە قارىتىپ قويۇلغان بولۇپ، بىللە كۆمۈلگەن نەرسىلەر يوق دېيەرلىك، بۇنىڭ بىرى غوجايىن، يەنە بىرى قۇل بولسا كېرەك[35].

«شامبابا قەبرىستانلىقىدىكى ئىككى كىشىلىك بىر قەبرىدە A جەسەت ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان، جەسەت سۆڭىكى ئاساسەن مۇكەممەل ساقلانغان، يېنىغا ساپال ياكى ياغاچ قاتارلىقلاردىن ياسالغان كۆپلىگەن بۇيۇملار قويۇلغان. B جەسەتنىڭ يېنىغا ھېچ نەرسە قويۇلمايلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ كاللىسى كېسىلىپ ئايرىم قويۇلغان»[36]. «ئۈرۈمچى نەنسەن كان رايونىدىن تېپىلغان يېغىلىق دەۋرىگە (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 479 ـ يىلىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 221 ـ يىلىغىچە) مەنسۇپ بولغان بىر قەبرىگە 30 ياشلاردىكى بىر ئايالنىڭ جەسىتى كۆمۈلگەن، قوشۇپ دەپنە قىلىنغان نەرسىلەردىن يولۋاس نەقىشلىك تىللا، چوكا ئالتۇن، كۈمۈش تەڭگە، ساپال ۋە تۆمۈر بۇيۇملار تېپىلغان. شۈبھىسىزكى، بۇ بىر چوڭ قۇلدارنىڭ قەبرىسى[37].

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، بۇ دەۋردىكى دەپنە ـ مۇراسىملاردا قۇلدار ۋە قۇللارنى دەرىجە بويىچە ئېنىق ئايرىغان بولۇپ، قۇلدارلارغا كۆپلىگەن بۇيۇملارنى قوشۇپ كۆمگەن بولسا، قۇللارغا ھېچ نەرسە قوشماي كۆمگەن، بەلكى نەرسە قوشۇپ كۆمۈش پەرھىز تۇتۇلغان. يۇقىرىقىدەك دەپنە ئادەتلىرى تارىم ـ تەكلىماكان گىرۋىكىدىكى بۇددىزم دەۋرىگە خاس قەبرىلەردە ناھايىتى ئېنىق ئەكس ئەتكەن.

ئىزاھاتلار:

① ئەنۋەر تۇرسۇن، ئاينۇرە دولات: «تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ دەپنە، نەزىر ـ چىراغ ئادەتلىرى ھەققىدە»، «مىراس»، 2007 ـ يىللىق 6 ـ سان، 58 ـ بەت.
②㉑ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «ئۇيغۇرلاردا سېھىرگەرلىك ئەنئەنىسى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 2009 ـ يىللىق 4 ـ سان، 68 — 85 ـ بەتلەر.
③ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىللىق 3 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى، 25 ـ بەت.
④ يۇقىرىقى كىتاب، 26 ـ بەت.
⑤ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى 4 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى، 55 ـ بەت.
⑥ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى 1 ـ نەشرى، 16 ـ بەت.
⑦ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 486 ـ بەت.
⑧ يۇقىرىقى كىتاب 493 ـ بەت.
⑨ يۇقىرىقى كىتاب 491 ـ بەت.

⑩ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 34 ــ بەت.

⑪⑫ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «ئارخېئولوگىيە مەنبەلىرىدىن دىيارىمىزنىڭ قەدىمكى ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىگە نەزەر»، «شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2005 ــ يىللىق 2 ــ سان، 2006 ــ يىللىق 1 ــ، 2 ــ سان ۋە 2007 ــ يىللىق 1 ــ ساندا ئېلان قىلىنغان.

⑬ قەلبىنۇر مۇھەممەت: «ئۇيغۇر خەلق دەپنە مۇراسىم مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ مەنىۋى قىممىتى»، «مىراس»، 1999 ــ يىللىق 3 ــ سان، 66 ــ بەت.

⑭ ئەھمەتجان غوپۇر: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە ئادەتلىرى ۋە ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 1999 ــ يىللىق 3 ــ سان، 62 ــ بەت.

⑮ ئەسەت سۇلايمان: «ئۆلۈم ئېڭى ۋە مەدەنىيەت پىسخىكىمىزنىڭ يوشۇرۇن قاتلىمى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1996 ــ يىللىق 1 ــ، 2 ــ سان.

⑯ گو يۈخۋا: «ئۆلۈم تەشۋىشى ۋە ھاياتلىق ئىستىكى»، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 ــ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 29 ــ، 30 ــ بەتلەر.

⑰ ئاينۇرە دولات: «ئۇيغۇرلاردىكى ئۆلۈم پەرھىزى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2000 ــ يىللىق 4 ــ سان، 59 ــ بەت.

⑱ يۇقىرىقى ماقالە 60 ــ بەت.

⑲ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 19 ــ بەت.

⑳ توتېمىزم ــ باشلانغۇچ جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ئۇرۇقداش قەبىلىلەرنىڭ ئۆزىنى باشقا ئۇرۇقداش قەبىلىلەردىن پەرقلەندۈرۈشتە قوبۇل قىلغان بىرەر ھايۋان، قۇش، دەرەخ قاتارلىق ئالامەت بەلگىسىنى كۆرسىتىدۇ.

㉒ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ــ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 387 ــ بەت.

㉓ مىرخاند: «رەۋزەتۇس ــ سەفا»، 1 ــ توم، 23 ــ بەت، ئابدۇكېرىم راخماننىڭ: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» ناملىق كىتابىنىڭ 387 ــ بېتىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

㉔ «تەۋارىخىي مۇسىقىيون»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ــ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 26 ــ بەت.

㉕ «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە)، 1981 ــ يىللىق 2 ــ سان.

㉖㉙ ئاينۇرە دولات: «ئۇيغۇرلاردىكى ئۆلۈم پەرھىزى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2000 ــ يىللىق 4 ــ سان، 61 ــ ۋە 62 ــ بەت.

㉗ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (خەنزۇچە)، 1981 ــ يىللىق 1 ــ سان ۋە «بۇلاق» مەجمۇئەسى، 1993 ــ يىللىق 3 ــ سان.

㉘ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەرنىڭ تارىخى»، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1958 ــ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 57 ــ، 217 ــ بەتلەر.

㉚㉛ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 70 ــ، 71 ــ بەتلەر.

㉜ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، 50 ــ بەت.

㉝ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، ئۇيغۇرچە، 1985 ــ يىللىق 1 ــ سان، 154 ــ بەت.

㉞ «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» (خەنزۇچە)، 1960 ــ يىللىق 6 ــ سان.

㉟㊱ «خەلق گېزىتى» (خەنزۇچە)، 1977 ــ يىلى 8 ــ دېكابىر سانى.

㊲ قۇربان نىياز: «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى دەپنە ــ مۇراسىم ئادەتلىرى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، «مىراس» ژۇرنىلى، 1994 ــ يىللىق 2 ــ سان، 57 ــ بەت.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشتە)



# دانىشمەن قىز

(چۆچەك)

توپلاپ رەتلىگۈچى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

بار ئىكەنۇ، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ، توق ئىكەن. ئارپا ـ تېرىق تۈلۈمدا، يېتىم بالا بۇلۇڭدا ئىكەن. بۇرۇنقى زاماندا بىر يېزىدا ئابرۇيلۇق، ئاقىل بىر كىشى بولغانىكەن. يېزىدىكىلەر بىرەر ئىش قىلماقچى بولسا، ئاۋۋال ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايدىكەن. ئۇنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بولغان ئىش ئوڭۇشلۇق بولىدىكەن. ئۇ كىشىنىڭ 17 ياشقا كىرگەن بىر قىزى بار بولۇپ، تولۇن ئايدەك چىرايلىق، ئەقىل ـ پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن بىلىملىك قىز ئىكەن. يېزىدىكىلەر ئۇ قىزنى موللا قىز، دانىشمەن قىز دەپ ئاتىشىكەن.

بۇ قىزنىڭ دادىسىنىڭ داڭقى بارا ـ بارا پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. پادىشاھ بۇ كىشىنىڭ ئەقلىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ چاقىرتىپ شۇنداق دەپتۇ:

ـــ سىنى كىشىلەر ئاقىل، دانا دېيىشىدۇ. بۇ ماڭا نامەلۇم، هازىر ساڭا ئۈچ سوئال قويىمەن.

ـــ قېنى مەرھەمەت قىلسىلا، ئالىيلىرى، ـــ دەپتۇ ئاقىل كىشى كەمتەرلىك بىلەن.

ـــ دۇنيادا نېمە ئەڭ تاتلىق؟ نېمە ئەڭ ئاچچىق؟ نېمە ئەڭ يۇگۈرۈك؟ ساڭا بۇ ئۈچ سوئالنىڭ جاۋابىنى تېپىپ كېلىشكە ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرىمەن. ناۋادا توغرا جاۋاب بېرەلىسەڭ، سېنى ئۆزۈمگە مەسلىھەتچى قىلىمەن. توغرا جاۋاب بېرەلمىسەڭ، كاللاڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن، ـــ دەپتۇ.

ئۇ كىشى ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ قولۇم ـ قوشنا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلىرىنى يىغىپ، ئەھۋالنى بايان قىلىپ ياردەم سوراپتۇ. ھەممىسى قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ ھەقتە قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ مۇلاھىزە قىلىشنى باشلاپتۇ. بىرىنچى سوئال توغرىسىدا تالاش ـ تارتىش قىلىپ، بەزىلىرى: «بۇنىڭ جاۋابى شېكەر» دېسە، بەزىلىرى «ھەسەل تاتلىق، چۈنكى ‹سۆزلىرىڭ ھەسەلدىن تاتلىق› دېگەن سۆز بار ئەمەسمۇ» دەپتۇ، يەنە بەزىلىرى، «مېنىڭچە، دۇنيادا ناۋات تاتلىق. چۈنكى، خەلق ئارىسىدا ‹لەۋلىرىڭ ناۋات يارىم› دېگەن قوشاقلار بارغۇ» دېيىشىپتۇ.

ئىككىنچى سوئالنىڭ جاۋابىنى بەزىلەر: «دۇنيادا ھەممىدىن لازا ئاچچىق» دېسە، بەزىلەر: «غورا ئاچچىق» دېيىشىپتۇ، يەنە بەزىلەر: «زەھەر ئاچچىق» دېگەندەك گەپلەر بىلەن تالاش ـ تارتىش

قىلىشىپتۇ. ئۈچىنچى سوئالغا نىسبەتەن بەزىلىرى: «دۇنيادا ھەممىدىن ئات يۈگۈرۈك» دېسە، بەزىسى: «قاپلان يۈگۈرۈك» دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، شۇنچە تالاش ـ تارتىشلارنى قىلىشقان بولسىمۇ، بۇ سوئالنىڭ جاۋابى بىرلىككە كەلمەپتۇ. بىر كۈن ئۆتۈپتۇ، ئىككى كۈن ئۆتۈپتۇ، مۆھلەت ۋاقتىمۇ يېقىنلاپ قاپتۇ. ئۇ كىشىنىڭ دانىشمەن قىزى بىر جايدا ئولتۇرۇپ، باشقىلارنىڭ جاۋابلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلاپتۇ. ئاندىن كۆپچىلىككە قاراپ:

— ئۇرۇق ـ تۇغقانلار، سىلەر ئوخشىمىغان جاۋابلارنى بەردىڭلار ھەم قىممەتلىك مىساللارنى كۆرسەتتىڭلار. سىلەرنىڭ بەرگەن جاۋابلىرىڭلار خاتا ئەمەس. شۇنداقتىمۇ، مەن يەنىلا باشقىچە قاراشتا بولۇۋاتىمەن، ئەڭ تاتلىق نەرسىنى بىر ـ بىرىگە ۋاپادار ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ مۇھەببىتىمىكىن دەيمەن. ئەڭ ئاچچىق نەرسە دۈشمەن بولۇشى مۇمكىن، ئەڭ يۈگۈرۈك نەرسە بولسا ئادەمنىڭ كۆڭلى بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭغا قانداق قارايسىلەر؟ ـ دەپتۇ. كۆپچىلىك:

— توغرا ئېيتتىڭىز، قىزىم، ئەقلىڭىزگە باركاللا! — دېيىشىپتۇ.

ئەتىسى ئۇ كىشى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. پادىشاھ ئۇ كىشىنى كۆرۈپ:

— جاۋاب تاپالىدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇ كىشى پادىشاھقا قىزىنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇ جاۋابلاردىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇ كىشىگە:

— بۇ جاۋابلارنى ئۆزۈڭ ئويلاپ تاپتىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۆمۈر بويى يالغان سۆزلەپ باقمىغان بۇ كىشى بولغان ئەھۋاللارنى پادىشاھقا ئەينەن بايان قىپتۇ. پادىشاھ ئۇ كىشىگە قىزىنى ئوردىغا بىللە ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

قىز دادىسى بىلەن ئوردىغا كىرىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام قىپتۇ. پادىشاھ قىزغا تۆردىن ئورۇن بېرىپتۇ ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەت كۆرسىتىپ سۆھبەت باشلاپتۇ.

— ياتلىق بولغانمۇسىز؟

— ياق، ئەمدىلا ئون يەتتە ياشقا كىردىم. بۇگۈنگە قەدەر نامەھرەمنى كۆرگەن ئەمەسمەن.

— ئۇنداق بولسا مۇھەببەتنىڭ ئەڭ تاتلىق نەرسە ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭىز؟

قىزچاق كىچىك ۋاقتىدىكى بىر ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ سۆزلەپتۇ:

— بىر كۈنى ئاخشىمى ئانام بىلەن دادام جېدەللىشىپ، دادام ئانامنى ھاقارەتلىدى ھەمدە قاتتىق ئۇردى. ئانام يىغلىغىنىچە ئۇكامنى ئېلىپ تاشقىرى ساراي ئۆيگە چىقىپ يېتىپ قالدى. مەن دادام بىلەن ئىچكىرى ئۆيدە يېتىپ قالدۇق. كېچىسى ئويغانسام، دادام يېنىمدا يوق. ساراي ئۆيگە چىقىپ قارىسام، دادام ئانامنىڭ بوينىغا مەھكەم گىرە سالغىنىچە ئۇخلاپ يېتىپتۇ، ئاپاممۇ كۈلۈپ يېتىپ ئۇخلاۋېتىپتۇ. مەنمۇ خاتىرجەم بولۇپ ئورنۇمغا كېلىپ ئۇخلاپ قالدىم. بۇنىڭدىن ئەڭ تاتلىق نەرسىنىڭ مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا سىز دۈشمەننىڭ ئەڭ ئاچچىق ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— يېقىندا ئىككى كىشى بىر ـ بىرىنى پىچاق سېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشتى. ئاڭلىسام، ئۇلار خېلىدىن بېرى دۈشمەنلىشىپ يۈرگەنىكەن. دۈشمەننىڭ ئاچچىق ئىكەنلىكىنى شۇنىڭدىن بىلدىم، — دەپتۇ. پادىشاھ سۆھبەتنى

داۋاملاشتۇرۇپ:

— ئەڭ يۈگۈرۈك نەرسىنىڭ كۆڭۈل ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭىز؟

— ئادەم ئۆزى بىر قەدەم ئېلىپ بولغۇچە، كۆڭلى پۈتۈن ئالەمنى ئايلىنىپ چىقالايدۇ. شۇڭا، ئەڭ يۈگۈرۈك نەرسىنى كۆڭۈل دەپ ئويلىدىم، — دەپتۇ قىز.

پادىشاھ قىزنىڭ جاۋابىدىن قانائەتلىنىپ كۈلۈپتۇ ھەم دەپتۇ:

— مەن سىزنى ئوردىدىكى مەلىكىلەرنىڭ سەردارى قىلماقچى. شۇڭا، ماڭا ئۆزىڭىزنى قوبۇل قىلىشىڭىزنى سورايمەن.

قىز ئۇندىمەستىن قاراپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ قىزنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتىپ تويلۇقتىن سۆز ئېچىپتۇ. قىز تويلۇق توغرىسىدا مۇنداق دەپتۇ:

— تويلۇققا ئون توشقان، يىگىرمە بۆرە، ئوتتۇز يولۋاس، قىرىق شىر، ئەللىك ئاختا، ئاتمىش جىڭ پاختا، يەتمىش دانە تاختا ئېلىپ كېلىڭلار.

ئەلچى بۇنى پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ جىق ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا، ۋەزىرلىرىنى چاقىرتىپ، تويلۇقنى قانداق تەييارلاشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. ۋەزىرلەر:

— ئون توشقان، يىگىرمە بۆرە، ئوتتۇز يولۋاس، قىرىق شىرنى تاغدىكى ئوۋچىلارغا تۇتقۇزۇشقا بۇيرۇق قىلىمىز. ئەللىك دانە ئاختا ماخودا بار. ئاتمىش جىڭ پاختا خەزىنىدە بار، يەتمىش دانە تاختىنى خارەتلەرگە بۇيرۇساق بىردەمدىلا تەييار بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن توينى باشلايمىز، ئالىيلىرى، — دەپ خۇشامەت قىلىشىپتۇ. ھەممە نەرسە تەييار قىلىنىپ توي باشلىنىپتۇ. نىكاھ ۋاقتىدا، قىز:

— ئەي توي ئەھلى جامائەت، سىلەرگە نىكاھ ئوقۇشتىن ئىلگىرى دەيدىغان ئىككى ئېغىز گېپىم بار، مېنىڭ ئون توشقان دېگىنىم، ئادەم بالىسى ئون يېشىدا خۇددى توشقاندەك بىر يەردە تۇرالمايدىغان تېتىك، روھلۇق بولىدۇ، دېگىنىم. ئادەم يىگىرمە يېشىدا بۆرە مىجەز، ئوتتۇز يېشىدا يولۋاستەك كۈچلۈك، قىرىق يېشىدا شىردەك ھەيۋەتلىك بولىدۇ. ئەللىك يېشىدا ئاختا ئاتتەك بوشاپ، يەتمىش يېشىدا بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلاپ تاختىدىن ياسالغان جىنازا قاچان كېلىدىكىن دەپ جىنازا كۈتىدىغان بولىدۇ. ئەمدى پادىشاھ ئەمرىدىكى قىرىق خوتۇنىنىڭ ئۈستىگە مەندەك بىر قىزنى ئالىمەن دېگۈچە جىنازىنىڭ يولىغا قارىسا لايىق بولىدۇ، — دەپ سۆزىنى تۈگىتىپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان پادىشاھ بۇ زەربىگە چىدىيالماي ھوشىدىن كېتىپ، ياخشىلىنالماي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

خەلق قىزنىڭ دانىشمەنلىكىگە قايىل بولۇپ، قىزنى پادىشاھ قىلىپ سايلاپتۇ. قىز يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سوراپتۇ. يۇرتلار ئاۋات، خەلقنىڭ ئاغزى ئاۋات بوپتۇ. ھەممە كىشى مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتىپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى لوپ ناھىيە ھاڭگىيا يېزىسىدىن تۇنساخان)



شەيخ سەئدىنىڭ «گۈلىستان» ناملىق كىتابىغا بېرىلگەن رەسىم

www.uyghurkitap.com



قەدىناسلار

رەسسام: نۇرسۇن ئوسمان


بۇلاق

源泉 (布拉克)

(维吾尔文) 总139期

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 139 - سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编:艾力·托呼提 副主编:买买提吐尔地

باش مۇھەررىرى: ئەلى توختى مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

新疆人民出版社编辑出版
(乌鲁木齐市解放南路348号)
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号:CN65-1063/I
国际标准连续出版物号:ISSN 1005-0876
国外发行号:Q1118 邮政编码:830001
邮政代号:58-108 定价:7.50元
广告经营许可证号:6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118 پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-108 باھاسى: 7.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى: 6500006000043